كۈلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، كۈلەي
دېسىڭىز بۇكىتابنى كۆرۈڭ!



# چەتئەل يۇمۇرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چەتئەل يۇمۇرلىرى

## — ئادەمنى تىپىلىقتۇرۇپ كۈلدۈرىدىغان يۇمۇرلار

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت ئىمىن

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

外国幽默精选:维吾尔文/穆罕穆德.伊明选译.—北京:民族出版社,1995.7

ISBN 7—105—02196—9

Ⅰ.外… Ⅱ.穆… Ⅲ.①幽默(文学)—外国—选集 ②维吾尔文—幽默(文学)—选集 Ⅳ.117

中国版本图书馆 CIP 数据核字(94)第 01002 号

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街 5 号 邮编 100013)

民族出版社微机照排 王史山印刷厂印刷

各地新华书店经销

1995 年 10 月第 1 版 1995 年 10 月北京第 1 次印刷

开本:850×1168毫米 1/32 印张:4⅞

印数:0001—2,300 册 定价:4.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

تەرجىمە قىلغۇچىدىن ...... (1)

1. مەنمۇ سىناپ كۆرەي ...... (1)
2. مەن يارىلانغۇچىنىڭ دادىسى ...... (1)
3. ئوبدان ئامال ...... (2)
4. ئىسپاتلاش ...... (2)
5. بىز باي بولىدىغان بولدۇق ...... (2)
6. شىلەپەم قېنى ...... (3)
7. ئىتىم كىنو كۆرگىلى كېتىپتۇ ...... (3)
8. چىشىمنى ئىزدەۋاتىمەن ...... (4)
9. سۇ ئىچىڭ ...... (4)
10. ئون ئالتە ياشلىق چوڭ ئانا ...... (5)
11. كەشپىيات ...... (5)
12. هاراق تاشلاش ...... (6)
13. ئۇ چاغدا لازىم ئەمەس ئىدى ...... (6)
14. داداڭنى چاقىرىپ كېلىمەن ...... (7)
15. ئەپچىل تەپەككۇر ...... (7)
16. ئەركەك بىلەن چىشىنى پەرق ئەتمەك ئاسان ...... (8)
17. ئەقىللىق قارا مېكىيان ...... (8)

18. جەننەتكە كىرىش ........................ (8)
19. دىئاگنوز قويۇش ........................ (9)
20. قۇرۇقلۇق ناھايىتى يېقىن .................. (9)
21. سوغۇق ۋە ئىسسىق ........................ (10)
22. يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز .................. (10)
23. ئەجدادلىرىنى ماختاش ...................... (11)
24. ئاجايىپ ماشىنا ........................ (12)
25. ئارقىغا ئازراق ياندۇرۇڭ .................. (12)
26. تېنىڭىز خېلى بىجىرىمدەك تۇرىدىغۇ ............ (12)
27. جان ھەلقىمىغا يەتكەندە ياسىن ئوقۇش ......... (13)
28. شورپا ........................ (13)
29. يېرىم ساراڭ ........................ (14)
30. پەلتويىڭىزمۇ يوق ........................ (14)
31. نوتا ........................ (15)
32. ئوڭدىسىچە سۇ ئۈزۈش ...................... (15)
33. ئەڭ چوڭ پاراخوت ........................ (16)
34. ئوت تۇتاشتۇرالماسلىق ...................... (16)
35. ئون كوي بېرىڭ ........................ (17)
36. بىر ئىشتان تىكىپ بېرىڭ .................. (17)
37. ماشىنىلار ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ .............. (18)
38. نەچچىنچى ئايدا كەتكەندۇ .................. (18)
39. تەسادىپىي كىرىم ........................ (19)
40. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش .................. (20)
41. تۇنجى قېتىم ھەقىقەتەن شۇنداق .............. (20)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

42. مۇنەۋۋەر بوكسيورچى ........................ (21)
43. ئويلىنىۋاتىمەن ........................ (21)
44. شەتلەنگەن كىيىم ........................ (22)
45. بىلىق سېتىۋېلىش ........................ (22)
46. غىپپىدە سېلىۋەتتىم ........................ (22)
47. خىزمەتچى ئېلىش ........................ (23)
48. تەڭگە تەڭ ........................ (23)
49. جاندىن كەچسىمۇ هاراقتىن كەچمەسلىك ........ (25)
50. بىرلا ساقچى بار ........................ (25)
51. مىڭ يىل ۋە بىر مىنۇت ........................ (25)
52. مەنمۇ بۇ يەرلىك ئەمەس ........................ (26)
53. يىلپىز ئوۋلاش ........................ (27)
54. ھەممەيلەن رازى ........................ (28)
55. ياردەمگە موھتاج ........................ (28)
56. ئۆزۈم پىيادە باراي ........................ (29)
57. دېڭىز بوغىزىدىن ئۆزۈپ ئۆتۈش ........................ (29)
58. تېخى يېقىندىلا كەسپىمنى ئۆزگەرتكەن ........ (30)
59. ئەقىللىق شوپۇر ........................ (30)
60. پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن ........................ (30)
61. قايتىپ كېلىش بىلەتى ........................ (31)
62. مۇساپە ھېسابلاش سائىتىنى ئاۋۋال توختىتىۋېتىڭ
........................ (31)
63. قوڭغۇراقلىق سائەتنى سىلكىپ قويۇڭ ........ (32)
64. ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم ........................ (32)

65 . بكەتكە ۋاقتىدا كېلىش ........................ (33)
66 . هاراق ئىچكەچ كۈتۈش ........................ (33)
67 . ئۈزۈم ........................ (34)
68 . قەرز ئالغۇچى ۋە قەرز بەرگۈچى ........................ (34)
69 . فرانسۇزچە ئۆگىنىشتىن مەقسەت ........................ (35)
70 . مۇۋەپپەقىيەتسىز ئويۇن ........................ (35)
71 . كۆيۈمچان بالا ........................ (35)
72 . قاراڭغۇ چۈشكەندە ........................ (36)
73 . ئاجايىپ مۆجىزە ........................ (36)
74 . پويىزغا چىقىش ........................ (37)
75 . ئەپچىل تەدبىر ........................ (37)
76 . نىكىنىڭ "غايىسى" ........................ (38)
77 . تېز ئالغا بېسىپسەن ........................ (39)
78 . ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ........................ (39)
79 . ھەممىگە قادىر قوڭغۇراقلىق سائەت ........................ (39)
80 . ئۆز ئالدىغا يېڭى چارە تېپىش ........................ (40)
81 . كالا ئوغرىلاش ........................ (40)
82 . داۋالاش تېخنىكىسى ئۈستىدە پو ئېتىش ........................ (41)
83 . ئۇ ئۆتەۋالدى ........................ (41)
84 . ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان كىم ........................ (42)
85 . لامپوچكا ئالماشتۇرۇش ........................ (42)
86 . نېمىشقا جازالانمىغان ........................ (43)
87 . ئايدىكى قىستا-قىستاڭچىلىق ........................ (43)
88 . پارتلىغاندا مۇكۇۋال ........................ (44)

89. ئەسكەر بولۇشقا ئىلتىماس قىلىش ........ (44)
90. ساقچىنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى ........ (44)
91. يەنە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز ........ (45)
92. توڭلاپ قالغان سۆز ........ (45)
93. ئادۋوكاتنىڭ ھەق ئېلىشى ........ (46)
94. يەر شارى يۇمۇلاق ........ (46)
95. باتۇر ئەسكەر ........ (47)
96. قىلچە ئاغرىنماسلىق ........ (47)
97. قالتىس جاۋاب ........ (48)
98. ھۆكۈمەت بەك ئەتىۋارلاۋتىدۇ ........ (48)
99. قېرىنداش ئىشلىتىپ تۇرۇڭ ........ (49)
100. پالاكەت باسقان بىمار ........ (49)
101. بۇنداق ماركىلىق بوتۇلكا ئەمەس ........ (50)
102. ئېسىگە ئېلىش ........ (51)
103. كۆپ قىسمى بۇ يەردە ........ (51)
104. بىرسى ئىشكىنى چېكىۋاتىدۇ ........ (52)
105. شەپە ........ (52)
106. بىر يىل كۈتتۈم ........ (53)
107. تەڭرىنى زىيارەت قىلىش ........ (53)
108. ۋاقىت ھېسابلاش ........ (54)
109. ۋاستىلىق باج ........ (54)
110. ھايۋانات پادىشاھى ........ (54)
111. چىشنى ئالدۇرىماي تارتىش ........ (55)
112. چوشقا ۋە ئۆردەك ........ (55)

113. دىڭىز تېگىگە يېتىپ بارىدۇ …………………… (55)

114. ئەرەنچە كىيىملەرنىلا ساتىدىكەن …………………… (56)

115. بەتبەشىرە …………………… (56)

116. توخۇ پاقالچىقى …………………… (56)

117. خاتالاشماپتىمەن …………………… (57)

118. شۈكۈر قىلىڭ …………………… (57)

119. تەلەيلىك ئىكەنسىز …………………… (57)

120. ئاتىسىنى ماختاش …………………… (58)

121. مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇش …………………… (58)

122. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ …………………… (59)

123. ئوتتۇز يىللىق تەجرىبە …………………… (59)

124. ھەۋەس قىلىش …………………… (60)

125. تەكەللۇپ قىلىنىدىغان ئات …………………… (60)

126. قىلچە ھودۇقماسلىق …………………… (61)

127. بۈگۈن ئاخشام زۈكتۈڭ كەلمەيدۇ …………………… (61)

128. مۇكاپاتقا ئېرىشىش …………………… (62)

129. ھورۇن ئاكا-ئۇكىلار …………………… (62)

130. يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى …………………… (63)

131. ئوغۇل بالىنىڭ رەددىيە بېرىشى …………………… (63)

132. ئەقىللىق پىتىر …………………… (63)

133. كەسىپ تاللاش …………………… (64)

134. پەۋقۇلئاددە تامغا …………………… (64)

135. مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىما …………………… (65)

136. زىيان …………………… (65)

www.uyghurkitap.com

137 . ئوخشاش بولمىغان تەقدىر ........ (65)
138 . كاتىپىمنى كۈتۈۋاتىمەن ........ (66)
139 . ئۆردەك ........ (66)
140 . گۈزەل ئەخلاق ........ (67)
141 . پروفېسسورنىڭ ئۆزى دۆت ........ (67)
142 . قوراللىق باندىتنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىدىم ........ (67)
143 . ئەپلىك پۇرسەت ........ (68)
144 . ئاددىي سۆز بىلەن چوڭقۇر مەنانى ئىپادىلەش ........ (68)
145 . ھەرگىز يول قويماسلىق ........ (69)
146 . سەنمۇ كەلدىڭمۇ ........ (69)
147 . زورلاپ يەڭ ........ (70)
148 . جىنايەت سادىر قىلىش قورالى ........ (70)
149 . بارماق ئىزى ........ (71)
150 . ئەرز قىلىش ........ (71)
151 . كېچە ياكى كۈندۈز دەپ ئايرىماسلىق ........ (72)
152 . بىۋاسىتە تەسىرات ........ (72)
153 . چوشقا كۈچۈكى ........ (73)
154 . يىراقنى كۆرەلمەسلىك ........ (73)
155 . يارامسىز مەرگەن ........ (73)
156 . مەخپىيى بەلگىلىك تېلېگرامما ........ (74)
157 . تۈنۈگۈن كۆردۈم ........ (74)
158 . دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكىرى بولۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ........ (75)

159. قەسەم قىلىش ………………………………… (76)
160. بۇ يەردە ساقچى يوق ……………………… (76)
161. مال دوختۇرىغا كۆرۈنۈڭ……………………… (76)
162. سىرتما بىكىتىپ قويۇڭ ……………………… (77)
163. دۈشمەن بولمەن ……………………………… (77)
164. ئون نەچچە زاپچاس كۆپ چىقتى……………… (78)
165. ئۆلگۈرەلمەسلىك ……………………………… (78)
166. ئىشەكتەك ھاڭرايدىغان ناخشىچى…………… (78)
167. پەرق ………………………………………… (79)
168. شىكىسپىر …………………………………… (80)
169. ئىنەك سىزنىڭغۇ ……………………………… (80)
170. خۇش خەۋەر ۋە شۇم خەۋەر ………………… (81)
171. سۆيۈشنى قايتۇرۇش ………………………… (81)
172. ئەپچىل چارە ………………………………… (81)
173. تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش……………………… (83)
174. ئاجرىشىش سەۋەبى ………………………… (83)
175. كەچۈرۈم سوراش……………………………… (84)
176. ھاراقنى ئىچىۋېتىپ ساھىبجامالنى قۇتقۇزۇش
………………………………………………… (84)
177. بىزنىڭ دەڭ……………………………………… (85)
178. باھانە دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ ………………… (85)
179. سەۋەب ………………………………………… (86)
180. ئۆيلىنىشتە بىلىۋالىدىغان ئىش ……………… (86)
181. ئۆز ئۆيىڭىزگە ئوخشاش ……………………… (86)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئې ئادرېسى

182 . سۆيۈشۈپ خوشلىشىش ........................ (87)
183 . تۆنجى ئەسەر ........................ (87)
184 . جازالاش ........................ (88)
185 . ئىجارىگە ئالغان ئۆي ........................ (88)
186 . ئالدىراڭغۇلۇق ........................ (88)
187 . ئېسىدە تۇتالماسلىق ........................ (89)
188 . ئەپسۇسكى، يالغىنى يوق-تە ........................ (90)
189 . ئېرىم ئۆيدە ........................ (90)
190 . قورقۇش ........................ (91)
191 . پەرەز قىلىش ........................ (91)
192 . ھىجران ........................ (92)
193 . ئازادە ئولتۇرۇڭ ........................ (92)
194 . مىلك قىممىتىم سۆيۈش ........................ (92)
195 . ئىمزاسىز مۇھەببەت خېتى ........................ (93)
196 . باغاق ئارقىلىق خەۋەرلەندۇرۇش ........................ (94)
197 . بالدۇر ماختاپ سېلىش ........................ (94)
198 . كىمنىڭ ئىشى ........................ (95)
199 . ئېشەكنى يىتتۇرۇپ قويۇش ئامەت ........................ (95)
200 . توغۇلغان كۈندىكى غەمخورلۇق ........................ (96)
201 . ئۆچ ئېلىش ........................ (96)
202 . يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى ........................ (97)
203 . باش ئاغرىش ........................ (97)
204 . ئېغىز ئېچىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق ........................ (98)
205 . سىز كىم ........................ (98)

206. تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ...... (98)
207. يېقىن ۋە يىراق ...... (99)
208. قىبلىنامە ...... (99)
209. كومېدىيىنىڭ تېراگېدىيىگە ئۆزگىرىشى ...... (100)
210. ئىككى دۆت ئېشەك ...... (100)
211. ئالتۇن ئىزدەش ...... (100)
212. رەسسام بىلەن تەنقىدچى ...... (101)
213. ئاخبارات دېگەن نېمە ...... (101)
214. ۋىجدان ئەڭ ئادىل ...... (102)
215. ئۇنىڭ بىلەن ئويىنىما ...... (102)
216. سۇت دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى
...... (103)
217. ئېزىپ قالغان بالا ...... (103)
218. بالدۇرراق بىلگەن بولسام ...... (103)
219. ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ...... (104)
220. كۆچۈرمىكەش كىم ...... (104)
221. ياخشى نىيەتلىك بالا ...... (104)
222. شورىدىن باغقا كىرگەن بالا ...... (105)
223. تاماكا چەكمىگەن بولسا ...... (105)
224. خىمىيە ئالىمى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ...... (106)
225. ئىشەنگىلى بولمايدىغان يېڭى ئوقۇتقۇچى ...... (106)
226. چىشىم دوختۇردا قالدى ...... (107)
227. ئۇ يېقىن يولنى بىلىدۇ ...... (107)
228. بۇ راستمۇ-يالغان ...... (107)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

229. شىددەتلىك جەڭ ............ (108)
230. نەچچە بارمىقى باردۇ دەپ ............ (108)
231. ئەر-ئايال دەپ ئايرىماسلىق ............ (108)
232. بىر قەدەر توغرا ............ (109)
233. تەنبىھ بېرىش ............ (109)
234. تاغ تىزمىسى ............ (110)
235. ئۆزىنى بىلىش ............ (110)
236. گەپ ئاڭلايدىغان بالا ............ (110)
237. تاقىرباش ۋە قۇملۇق ............ (111)
238. دادا، ئەمدى سەن ئىسقىرتقىن ............ (111)
239. كىچىككىنە قىلىش ............ (112)
240. جىكنىڭ قولى ............ (112)
241. كولۇمبۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ ............ (113)
242. ھەقىقىي جاۋاب ............ (113)
243. تۆۋەنلىمەيدىغان نەرسە ............ (113)
244. نېمە ئۈچۈن راكېتا تېز ماڭىدۇ ............ (114)
245. ساقىلىڭىزنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى كۈتۈۋاتىمەن
............ (114)
246. پادىشاھمۇ بويسۇنىدۇ ............ (114)
247. خېرىدار جەلپ قىلىش ............ (115)
248. قوشۇپ ھېسابلاڭ ............ (115)
249. پۇل كەتمەيدۇ ............ (115)
250. ئىشەنچلىك بەلگە ............ (116)
251. ئەخمەق ئادەم ............ (116)

252 . ئالدىن دەپ قويۇش ...................... (116)

253 . ھېلىقى دەۋردىن ئاشقان ھەسەل .............. (117)

254 . ئۆلۈم ئالدىكى ھېسابات ...................... (117)

255 . سېخىيلىق بىلەن ۋەدە بېرىش .................. (118)

256 . ئامال تېپىش ...................... (118)

257 . تاشنى باغلاپ قويۇش ...................... (118)

258 . ئىسسىق ئىچەي ...................... (119)

259 . ئوخشاش بولسۇن ...................... (119)

260 . ئاسما چىراغ ...................... (119)

261 . توخۇدىن سوراش ...................... (120)

262 . ھاياجانلىنىپ كېتىش ...................... (120)

263 . تۇغقىنى ئەمەس ...................... (121)

264 . داۋالاش قىيىن ...................... (121)

265 . ئوچۇق-يورۇقلۇق ۋە سەمىمىيلىك .............. (122)

266 . ئۇمۇ كەلسۇن ...................... (122)

267 . ئەرەبچە كۈلۈۋاتىدۇ ...................... (123)

268 . ئۇيالمامسەن ...................... (124)

269 . ھەممىسى تاتلىق ئىكەن ...................... (124)

270 . دۇئىلغا چۈشۈش ...................... (124)

271 . پىكاپ ئوغرىلاش ...................... (125)

272 . ئات دېگەن نېمە ئۇ ...................... (125)

273 . پەرق ...................... (126)

274 . تۇخۇم ...................... (126)

275 . تەلەپ قويۇش ...................... (127)

276. سەۋرچانلىق ........ (127)
277. ئىتنى ئۇرۇش ........ (127)
278. زېرەكلىك ........ (128)
279. ئۆلچەملىك جاۋاب ........ (129)
280. ئوغرىنىڭ ياخشى ئىشى ........ (129)
281. كىم ئەڭ ھورۇن ........ (129)
282. بىر ئېغىز سۆز ........ (130)
283. قىزىڭىزنى بەكرەك ئالغۇم بار ........ (130)
284. توي قىلىش ........ (130)
285. ئىشچىنىڭ جاۋابى ........ (131)
286. خوتۇنىنىڭ كۆزى ........ (131)
287. ئۇرۇشنى توختىتىش چارىسى ........ (131)
288. سەۋەنلىك كىمدە ........ (132)
289. ئەمەلىيرەك گەپ قىلىڭ ........ (132)
290. قانۇنىي ئاساس ........ (132)
291. ئۇستاتلىق ........ (133)
292. ئۆيدە يەنە تۇز بارمۇ؟ ........ (133)
293. ماتېماتىكاشۇناسنىڭ مۇھەببەتلىشىشى ........ (133)
294. ئۆمۈر چەكلىك ........ (134)
295. بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەر ........ (134)
296. جايىدا بېرىلگەن جاۋاب ........ (134)
297. رەددىيە بېرىش ........ (135)
298. يول سوراش ........ (135)
299. ئەقىللىق بالا ........ (135)



www.uyghurkitap.com

300 . ئەلگ يېقىن يول ............................ (136)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىيسى
www.uyghurkitap.com

# تەرجىمە قىلغۇچىدىن

يۇمۇر ئەسلى ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچىدىكى لەتىپە، چاقچاق دېگەنلەرگە يېقىن كېلىدۇ. يۇمۇردا تۇرمۇشتىكى يامان ئىللەتلەر ۋە يولسىزلىقلار دارتىملاش، مەسخىرە قىلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، سەممىي كۈلكە ئىچىدە ئېچىپ تاشلىنىدۇ. يۇمۇردىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر پەم-پاراسەتلىك ئاتا-بوۋىلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجاد قىلغان لەتىپە ۋە چاقچاقلاردىمۇ يارقىن مۇجەسسەملەشكەن. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، پەم-پاراسەتلىك، باتۇر، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى بەخت-سائادەت يولىدا ئىگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزىگە خاس شانلىق مەدەنىيەت ياراتتى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» تەك ئالەمشۇمۇل شۆھ-رەتكە ئىگە ئۆنچە- دوردانىلەرنى تەقدىم قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆتكۈر زېھنى ۋە خۇش خۇي تەبىئىتىگە تايىنىپ، لەتىپە، چاقچاق قاتارلىق كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان جاۋاھىراتلارنىمۇ تەقدىم قىلدى. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا شۇنداق كەڭ تارقالغانكى، ھەتتا كىچىك باللارمۇ بىرقانە-

چە لەتىپىنى ھېچ قىنالمايلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. نەسىرىدىن ئەپەن-
دىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن سەلەي چاققان، موللا زەيدىن قاتار-
لىق لەتىپىچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر مەسخىرىلىك، مول مەز-
مۇنلۇق چاقچاقلىرى بىلەن ئەزگۈچىلەرنىڭ زوراۋانلىقىنى ۋە ئاچ-
كۆز، رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، يامان ئىللەت-
لەرنى ۋە يولسىزلىقلارنى قامچىلىدى، جاھالەتلىك زامانىنىڭ ئېغىر
زۇلمىدىن زار قاقشىغان جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇن-
دۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ھېسام قاتارلىق چاق-
چاقچىلىرىمىز تۇرلۇك كۈلكە-چاقچاق سورۇنلىرىدا ۋە توي-تۆكۈن-
لەردە كىشىلەرگە ھوزۇر ۋە خۇشاللىق بەخش ئېتىپ، خەلقىمىز-
نىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا تۇرتكىلىك رول ئوينىدى.

لەتىپە-چاقچاقلىرىمىزغا تومۇرداش بولغان چەت ئەل يۇمۇرلى-
رىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يۇمۇرىستىك خۇسۇسى-
يەتلىرى كۈچلۈك ۋە ئۆزگىچە بولغان چەت ئەل يۇمۇرلىرىنى
لەتىپە-چاقچاقلارغا ئەزەلدىن ئامراق خەلقىمىزگە بىر قەدەر سىس-
تېمىلىق ھالدا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ئۇزۇندىن بۇيانقى
ئارزۇيۇم ئىدى. ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەت-
لىشى ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا، بۇ ئارزۇيۇم
ئاخىرى ئەمەلگە ئېشىپ، ئۇشبۇ كىتابنى مۆھتەرەم كىتابخانلارنىڭ
ھوزۇرىغا سۇنۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. چەت ئەل يۇمۇرلىرىنى
بىپايان دېگىنىز دېسەك، بۇ كىتابقا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن يۇمۇرلار
ئۇنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇنداقتىمۇ تامچە سۇدا
قوياش نۇرى ئەكس ئەتكەندەك، بۇ كىتابتىنمۇ چەت ئەل يۇمۇرلى-

رىنىڭ ئۇمۇمىي گەۋدىسى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغى-
لى بولىدۇ. بۇ كىتابقا «ئېشەكتەك ھاڭرايدىغان ناخشىچى»،
«يېڭى چەت ئەل يۇمۇرلىرى ۋە لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابلاردىن
شۇنداقلا «يۇمۇر ۋە لەتىپىلەر»، «كۈندە كۈلكە» قاتارلىق ژۇرنال-
لاردىن 300 پارچە يۇمۇر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بالىلار يۇمۇرلىرى-
غىمۇ مۇۋاپىق تۈردە ئېتىبار بېرىلدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاب
كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكۈسى.

مۇھەممەت ئىمىن

1994-يىل 3-ئاي، بېيجىڭ

## 1. مەنمۇ سىناپ كۆرەي

خوجايىن ئىشخانىغا كىرىپ:

—بىشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ،—دەپتۇ.

— بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، — دەپتۇ بىر خىزمەتـ چى دانىشمەنلەرچە مەسلىھەت بېرىپ، — مېنىڭ بىشىممۇ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋىدى، لېكىن بىردەمدىن كېيىنلا ساقىيىپ كەتتى. چۈنكى خوتۇنۇم مېنى ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىردەم چىڭ قۇچاقلىـ دى، بىردەم سۆيدى. شۇنداق قىلىپ باش ئاغرىقىم ھەش-پەش دېگۈچىلا سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

خۇجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شىلەپىسىنى كىيگەچ، ئاۋازىنى پەسەيتىپ، دەپتۇ:

— بۇ چارىنى مەنمۇ سىناپ كۆرەي دەيمەن. خوتۇنىڭىز ھازىر ئۆيىڭىزدىمۇ؟

## 2. مەن يارىلانغۇچىنىڭ دادىسى

كىچىك بىر بازاردا قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىكەن، بىرمۇنـ چە ئادەم ئەتراپقا ئولىشىۋاپتۇ. كېينرەك كەپقالغان بىر ئادەم ئالدىغا ئۆتەلمەي تىت-تىت بولۇپ، بىر ئەقىل تېپىپتۇ-دە:

—مەن يارىلانغۇچىنىڭ دادىسى بولىمەن، ماڭا يول بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ قىستىلىپ كىرىپ قارىسا، بىر ئېشەك يارىلانغانـ كەن.

## 3 . ئوبدان ئامال

ياش ئىككى ئائىلە ئايلى پاراڭغا چۈشۈپتۇ:

— مەن پىياز توغرىغاندا كۆزۈمدىن ياش ئاقمايدىغان ئوبدان ئامال تېپىۋالدىم.

— راستمۇ؟ ئېيتىڭا، قانداق ئوبدان ئامال ئۇ؟

— پىيازنى ئېرىمگە توغرىتىش.

## 4 . ئىسپاتلاش

— مېنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى قانداق ئىسپاتلايسىز؟

— ھە، سىزنى ئويلىسامىلا كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

— بۇ سىزنىڭ مېنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىيالمايدۇ، دادامۇ سىزنى ئويلىسىلا ئۇخلىيالمايدۇ.

## 5 . بىز باي بولىدىغان بولدۇق

باشلىق، ئەرەبتىن بىرنى تۇتۇپ كەلگەن كىشىگە مىڭ دوللار ئىنئام بېرىلىدۇ، دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ. ئەلى بىلەن يورى قومۇلۇقتا ئولجا ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. بۇ ئىككىيلەن بىرنەچچە كۈن سوكۇلداپ يۈرۈپ ھېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ-دە، قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەلى ئويغىنىپ قارىسا، يۈزدىن كۆپرەك ئەرەپ مىلتىقلىرىنى بەتلەپ تۇرغىدەك.

— قوپە ئورنۇڭدىن! — دەپتۇ ئۇ دەرھال يورىنى تۇرتۇپ



www.uyghurkitap.com

ئويغىتىۋېتىپ، — بىز باي بولىدىغان بولدۇق.

## 6. شىلەپەم قېنى؟

بىر ئادەم دوختۇرخانىغا قورساقتى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىر ئاغىنىسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ.

— ھالىڭ قانداقراق؟— دەپتۇ ئۇ ئەھۋال سوراپ.

— يامان ئەمەس، — دەپتۇ بىمار جاۋابەن، — بىراق ئۇلار مېنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولۇپ ئەتىسى يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپ، قورسىقىمدىن بىر پارچە داكىنى ئېلىۋەتتى. تۈنۈگۈن قورسىقىمنى يەنە بىر قېتىم يېرىپ، ئىچىمدىن بىر قىسقۇچنى ئالدى.

دەل شۇ چاغدا دوختۇر يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ— دە:

— شىلەپەمنى كۆردۈڭلارمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

## 7. ئىتىم كىنو كۆرگىلى كېتىپتۇ

ئىت باققان بىر كىشى ئاغىنىسىگە، ئىتىمغا پۇل بەرسەم گېزىت سېتىۋېلىپ ئەكىلەلەيدۇ، دەپتۇ. ھېلىقى كىشىنىڭ ئاغىنىسى بۇ گەپتى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئىتقا پىشكى پۇل بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىت گېزىتنى ئەكەلمەپتۇ.

— ئۇنىڭغا قانچە پۇل بەرگەنتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىتنىڭ ئىگىسى.

— بەش كوي.

— هە، مۇنداق دېگىنە. بەش كوي بەرگەن بولساڭ ئىتىم ئۇدۇل كىنوخانىغا كىرىپتۇ.

## 8. چىشىمنى ئىزدەۋاتىمەن

بىر ئايال تازا ھەۋەس بىلەن كىنو كۆرۈۋاتقاندا، يېنىدىكى بىر ئەرنىڭ يەردە تىزلانغىنىچە بىرنەرسە ئىزدەۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ.

—نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئايال تۆۋەن ئاۋاز بىلەن.

— بىر تال شاكىلاتىنى، — دەپتۇ ئەرمۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن، — ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— بىر تال شاكىلات دەمسىز؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئايال ئاچچىغلانغان ھالدا، — ئۇ پاسكىنا بولۇپ كەتتى! مانا مانى ئېلىڭ، ئادەمنى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگىلى قويۇڭ! — ئايال سۆزلەۋېتىپ يوغان بىر شاكىلاتنى ھېلىقى ئەرگە بېرىپتۇ.

— بىراق، — دەپتۇ ھېلىقى ئەر، —مېنىڭ چىشىممۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن شاكىلاتقا چاپلىشىغلىق ئىدى.

## 9. سۇ ئىچىڭ

ھاراق ئىچمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىش جەمئىيىتىنىڭ خادىمى ھاراقكەشكە دەپتۇ:

— ئەگەر سىز ئۆسۈملۈككە سۇ قۇيۇپ تۇرسىڭىز، ئۇ تازا بولجالاپ ئايىنىيدۇ. ناۋادا ھاراق قۇيىدىغان بولسىڭىز، ئۇ دەرھال

قوروپ قالىدۇ، دەپ بىقىڭا، بۇنى ئاڭلاپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

هاراقكەش جاۋابەن دەپتۇ:

— ئەگەر سىز قورسىقىڭىزغا ئۆسۈملۈك تېرىماقچى بولغان بولسىڭىز، سۇ ئىچىڭ.

## 10. ئون ئالتە ياشلىق چوڭ ئانا

جون ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك قىز دوستىنىڭ توغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نېمە سوۋغات ئېلىپ بارسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قاپتۇ-دە، چوڭ ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— چوڭ ئانا، ناۋادا ئەتىكى كۈن سىزنىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن خاتىرە كۈنىڭىز بولغان بولسا، نېمە تەلەپ قىلاتتىڭىز؟

ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى خۇشال بولغان هالدا دەپتۇ:

— راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، هېچ نەرسە تەلەپ قىلمايتتىم!

## 11. كەشپىيات

بىر مەرگەن بازارغا بېرىپتۇ، ئۇ 10 تال يا ئوقىنىڭ تامدىكى قىزىل چەمبىرەكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا سانجىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە بەكمۇ قايىل بوپتۇ ۋە شۇ سورۇندىكى ئوقيا-چىدىن:

—بۇنىڭدا قانداق سىر بار؟—دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى بەكمۇ ئاسان، — دەپتۇ ئوقياچى،

—ئاۋۋال ئوقيانى ئاتىمەن، ئاندىن ئوقنىڭ چۆرىسىگە چەمبىرەك سىزىپ قويىمەن.

## 12. هاراق تاشلاش

توم ئىسىملىك بىر كىشى قاۋاقخانىدا ئىككى ستاكان هاراق ئېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. خىزمەتچى بۇنى كۆرۈپ:

— هاراقنى قالتىس ئىچەلەيدىكەنسىز جۇمۇ! —دەپ ماختاپتۇ.

— يوقسۇ، — دەپتۇ توم جاۋابەن، —بۇنىڭ بىرىنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئىچتىم، يەنە بىرىنى قاتتىق ئاغرىپ قالغان دوستۇم ئۈچۈن ئىچىۋەتتىم.

توم ئەتىسى يەنە شۇ قاۋاقخانىغا كەپتۇ-دە، بىر ستاكانلا هاراق ئىچىپتۇ.

— دوستىڭىز... ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خىزمەتچى.

— ياق، مەن هاراق تاشلىدىم، — دەپتۇ توم.

## 13. ئۇ چاغدا لازىم ئەمەس ئىدى

بىر ئادەم ناهايىتى قايغۇرغان هالدا دوختۇرخانىغا كىرىپ، دەپتۇ:

— ماڭا ياردەم قىلىڭ، دوختۇر، بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بىر تىيىنلىك تەڭگىنى يۇتۇپ سالغانىدىم.

—هەي ئادىشۇي، — دەپتۇ دوختۇر هەيران بولۇپ، —

نېمىشقا تېنىنى يۇتۇۋالغان كۈنلا كەلمىدىڭىز ؟

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، دوختۇر، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم جاۋابەن،— ئۇ چاغدا بۇ پۇل ماڭا لازىم ئەمەس ئىدى.

## 14. داداڭنى چاقىرىپ كېلىمەن

ئالمىزارلىقنى ئارىلاپ يۈرگەن باغۋەن بىر ئالما دەرىخى تۈۋىدە بىر ئوغۇل بالىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ھە، كىسپۇرۇش! — دەپتۇ باغۋەن ۋارقىراپ،— قاراپ تۇر، داداڭنى چاقىرىپ كەلمەيدىغان بولسام!

ئوغۇل بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىگە قاراپ دەپتۇ:

— دادا، مۇنۇ ئەپەندىم سەن بىلەن پاراڭلاشماقچى دەۋاتىدۇ.

## 15. ئەپچىل تەپەككۇر

كېمە دېڭىزغا چۆكۈشكە باشلىغانىكەن، كېمە باشلىقى پاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— كىم دۇئا-تىلاۋەت قىلىشنى بىلىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەن! -دەپتۇ ئارىدىن بىرەيلەن.

— ناھايىتى ئوبدان، ئۆزىڭىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىڭ، — دەپتۇ كېمە باشلىقى،— باشقىلار قۇتقۇزۇش كىيىمىنى كىيىۋالسۇن، قۇتقۇزۇش كىيىمىدىن بىرسىلا كەم ئىدى.

## 16. ئەركەك بىلەن چىشىسىنى پەرق ئەتمەك ئاسان

— مەن بەش مىنۇت ئىچىدە ئون چىۋىن ئۆلتۈردۈم، ئۇنىڭ تۆتى ئەركەك، ئالتىسى چىشى.

— ئىشەنمەيمەن! چىۋىننىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسىنى قانداق پەرق ئېتەلەيسەن؟

— بۇنىڭدىن ئوڭاي ئىش يوق. چىۋىنلەرنىڭ رومكىغا قونۇۋالغانلىرى ئەركەك، ئەينەككە قونۇۋالغانلىرى چىشى بولمامدۇ.

## 17. ئەقىللىق قارا مېكىيان

نىك: قارا مېكىيان ئاق مېكىياندىن ئەقىللىق، شۇنداقمۇ؟

توم: نېمىشقا شۇنداق دەيسەن؟

نىك: بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، قارا مېكىيان ئاق تۇخۇم تۇغالايدۇ، لېكىن ئاق مېكىيان بولسا قارا تۇخۇم تۇغالمايدۇ.

## 18. جەننەتكە كىرىش

باستېر: جەننەتكە كىرىشنى خالامسىلەر؟ — دەپ سورىغاندىكەن، چىركاۋدا پەقەت بىرلا كىشى قولىنى كۆتۈرمەپتۇ.

— ئەجەبا، سىز ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشنى خالىمامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ باستېر ئۇنىڭدىن.

— ئەلۋەتتە خالايمەن، بىراق بايا بىزنى ھازىرلا جەننەتكە كىرىڭلار دەۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

## 19 . دىئاگنوز قويۇش

دوختۇر خېلى ئۇزۇن تەكشۈرۈپمۇ ئۇنىڭ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلىيالماي، ئاخىرىدا مەنىلىك قىلىپ:

— قايتىپ كېتىپ ئۆيىڭىزدە ئىسسىق سۇ بىلەن تازا ئوبدان يۇيۇنۇڭ، ئاندىن كېيىن تالادا بىر-ئىككى سائەت ئايلىنىڭ، لېكىن ئۇچىڭىزغا زادىلا كىيىم كىيمەڭ، — دەپتۇ.

— سىزنىڭچە كېسەلىمنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن داۋالىغىلى بولارمۇ؟

— ياق. لېكىن مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشىڭىزدا گەپ يوق، بىز بولساق ئۆپكە كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ناھايىتى ئۇستا.

## 20 . قۇرۇقلۇق ناھايىتى يېقىن

كېمە چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئىككى كىشى دېڭىزدا لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ھاسىرىغان ھالدا:

— قۇرۇقلۇق بۇ يەردىن ناھايىتى يىراقتىمۇ، ھەقىچان؟ — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ يەنە بىرى، — كۆپ دېگەندىمۇ 100 — 200 مېتردىن ئاشمايدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەنۇي، سارالىڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ 100 — 200 مېترلا كېلىدۇ دەيسەنغۇ؟

— توغرا، سۇ ئاستىغا 100 — 200 مېترلا كېلىدۇ!

## 21. سوغۇق ۋە ئىسسىق

— سىبىرىيە شۇنداق سوغۇقكى، سۆز ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ بولغۇچە توڭلاپ قېلىپ، يەرگە توروكلاپ چۈشىدۇ.

— ۋاي شۇنداقمۇ؟ ياۋا ئارىلى شۇنداق ئىسسىق بىر يەركى، مېكسىيانلارنى توڭلاتقۇ ئىچىدە باقمايدىغان بولساق، تۇخۇملارنى قورسىقىدا پىشۇرۇپلا تۇغۇۋېتىدۇ.

## 22. يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز

ئۈچ چەت ئەللىك دوست پويىزنىڭ سۈرئىتى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

ئاۋۋال ئامېرىكىلىق ئەپەندى ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئامېرىكىدا پويىزغا ئولتۇرىدىغان بولسىڭىز، دېرىزە سىرتىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى پويىز سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن يول بويىدىكى ستولبىلار ۋە دەل-دەرەخلەر بىر بىرىگە تۇتۇشۇپ كېتىپ، ئاراشسىز تام پەيدا قىلىدۇ.

فرانسىيىلىك خانىم ھەيران قالغاندەك بولۇپ: ”پاھ، ھەقىقەتەن تېز ئىكەن!“ دەۋەتكەندىن كېيىن بىر ئاز توختىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— فرانسىيىدىكى پويىزلاردا ھاجەتخانە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، چۈنكى پويىز سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى سىزنى ھەرقانداق جايدا،

چوڭ-كىچىك تەرتىپ قىستاپ قالسا قانداق قىلارمەن، دېگەن غەمـدىن خالاس قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

ياپونىيىلىك خېنىم بۇ ئىككىيلەننىڭ مەغرۇرلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى چايقاپ، دەپتۇ:

— مەن ئۆتكەن ئايدا پويىز بىلەن توكيودىن بېيخەيداۋغا بارماقچى بولدۇم، پويىز قوزغىلىشىغىلا يىگىتىم بىلەن سۆيۈشكەنىدىم، خۇمالاشقان كۆزلىرىمنى شۇنداق ئېچىپ قارىسام، يەنە بىر بىكەتتىكى ناتونۇش بىر ئەرنى سۆيۈپ تۇرۇپتىمەن.

## 23. ئەجدادلىرىنى ماختاش

بىر ئىتالىيان بىلەن بىر يەھۇدى ئۆز ئەجدادلىرىنى ماختىغىلى تۇرۇپتۇ:

— يېقىندا رىم شەھىرىنىڭ يەر ئاستىدىن سىم تاناپ تېپىلدى. بۇ، قەدىمكى رىملىقلارنىڭ سىملىق تېلېفون ئىجاد قىلغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ.

— ھىم، سىز ئىروسالىمدا نېمە تېپىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا بىلىپ قېلىڭ، ئۇ يەردىن ھېچ نېمە تېپىلمىدى.

— ھېچ نېمە تېپىلمىدى دېدىڭىزما؟!

— شۇنداق، بۇ بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزنىڭ سىمسىز تېلېفون ئىجاد قىلغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ.

## 24. ئاجايىپ ماشىنا

بىر ئامېرىكىلىق بىلەن بىر فرانسىيىلىك ھەدەپ پو ئاتقىلى تۇرۇپتۇ:

— بىز ئامېرىكىلىقلار شۇنداق بىر ماشىنا ئىجاد قىلدۇقكى، — دەپتۇ ئامېرىكىلىق، — بىر چوشقىنى ماشىنىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئىتتىرىپ كىرگۈزىۋېتىپ، ماشىنا تۇتقۇچىنى شۇنداق چۆرۈيدىغانلا بولساق، چوشقا قېزىسى ئۇ تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن چىقىۋېرىدۇ.

— بۇنداق ماشىنا فىرانسىيىدە ئاللىقاچان ئىلغارلاشتۇرۇلدى، — دەپتۇ فرانسىيىلىكمۇ، — ئەگەر چوشقا قېزىسىنىڭ تەمى تىلىڭىزغا ئېتىماي قالسا، ماشىنا تۇتقۇچىنى ئارقىغا قارىتىپ چۆرىسىڭىزلا، چوشقا ئاۋۋالقى يەردىن شۇ پېتى يېنىپ چىقىدۇ.

## 25. ئارقىغا ئازراق ياندۇرۇڭ

شوپۇر: يېتىپ كەلدۇق، ئەپەندىم، كىرا ھەققى ئۇچۇن 12 كوي تۆلەڭ.

كىرا قىلغۇچى: ئاپلا، خاپا بولماي، ماشىنىڭىزنى ئارقىغا ئازراق ياندۇرۇڭ، يېنىمدا 10 كويلا قاپتۇ.

## 26. تېنىڭىز خېلى بىجىرىمدەك تۇرىدىغۇ

بىر كەنتتە كىشلەر 99 ياشقا كىرگەن بىر بوۋاينىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپتۇ. كەنت باشلىقى پەخىرلەنگەن ۋە خۇشال بولغان ھالدا تەبرىكنامە سۆزلەپتۇ:

— قەدىرلىك ئاتا، سىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

كېلەر يىلى سىزنىڭ 100 ياشقا كىرگەنلىكىڭىزنىمۇ تەبرىكلىسەم دەيمەن.

بوۋاي كەنت باشلىقىنىڭ بېشىدىن ئايغىغىچە تازا زەڭ سې-لىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن دەپتۇ:

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ تېنىڭىز خېلى بىجىرىمدەك تۇرىدىغۇ...

## 27. جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە ياسىن ئوقۇش

— ئەپەندىم، ئوت ئاپىتى ستراخۋانىيىسىگە ئىلتىماس قىلى-مەن.

— بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ.

— بولمايدۇ، ئۆيۈمگە ئوت كەتتى.

## 28. شورپا

گيورى ئەپەندى دېڭىز بويىغا ئارام ئېلىشقا كەپتۇ. ئۇ چۈشكەن مېھمانخانا ناچارراق مېھمانخانا بولغاچقا، ھەرۋاقىلىق تاماق بەكمۇ ئاز بېرىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كەچلىك تاماق يېمەكچى بولۇپ قارىسا، تەخسە ھۆل تۇرغىدەك. ئۇ تەخسىنى قولىغا ئېلىپ خىزمەتكارغا:

— بۇ تەخسە ھۆل ئىكەن، ئالماشۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— ئۇ سىزگە بېرىلگەن شورپا، — دەپتۇ خىزمەتكار جاۋابەن.

## 29. يېرىم ساراڭ

بىر بوۋاي تۈگمەنگە كېلىپ، باشقىلارنىڭ بۇغدىيىنى ئۆزى-
نىڭ تاغىرىغا تۆكۈۋاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— ھەي بوۋا، نېمىشقا باشقىلارنىڭ بۇغدىيىنى ئۆزىڭىزنىڭ
تاغىرىغا تۆكۈۋالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يېرىم ساراڭمەن، — دەپتۇ ئۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ بۇغدىيىنى باشقىلارنىڭ
تاغىرىغا تۆكۈپ قويمايسىز؟

— ئۇنداقتا پۈتۈن ساراڭ بولمامدىمەن!

## 30. پەلتۇيىڭىزمۇ يوق

بىر خېرىدار ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، پەلتۇسىنى سېلىپ دالاندى-
كى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپتۇ-دە، پىششىق كالا گۆشى بۇيرۇتۇپ-
تۇ. كۈتكۈچى ئۇنىڭغا قاراپ:

كەچۈرۈڭ، يوق ئىكەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خېرىدار قورداق بۇيرۇتۇپتۇ. بىر ئازدىن كې-
يىن كۈتكۈچى قورۇق قول يېنىپ چىقىپ، يەنە:

— كەچۈرۈڭ، يوق ئىكەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ خېرىدار ئارقا-ئارقىدىن بىرنەچچە خىل قورۇ-
ما بۇيرۇتۇپ باققان بولسىمۇ، ، ھېلىقىدەكلا جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ
ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، پەلتۇيىمنى ئەپچىقىپ بېرىڭ، —
دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى

بىر ئازدىن كېيىن كوتكوچى مىسىلداپ يېتىپ كەپتۇ-دە، كولۇمسىرىگەن ھالدا:

— ئەپۇ قىلىڭ، پەلتۇيىڭىزمۇ يوق ئىكەن! — دەپتۇ.

## 31. نوتا

ئەنگلىيىلىك بىر يىگىت سۆيگىنىنى فرانسىيە ئاشخانىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. لېكىن ئۇ فرانسۇزچىنى ئۇقمىغاچقا، تاماق تىزىملىكىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ سۆيگىنى ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى چاندۇرغىسى كەلمەي، تاماق تىزىملىكىدىكى بىرنەچچە قۇر خەتنى كوتكوچىگە كۆرسىتىپ:

— بولدىلا، بىزگە مۇشۇ بىرنەچچە خىل تاماقنى كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ كوتكوچى تاماق تىزىملىكىگە قاراپ كولۇپ، —بۇ، سازەندىلەر ئورۇنلايدىغان نوتا.

## 32. ئوخشىمىسىچە سۇ ئۈزۈش

بىر مۆتىۋەر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق يەپتۇ، تۇيۇقسىز شورپىدا بىر چىۋىننىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، قول ئىشارىتى بىلەن كوتكوچىنى چاقىرىپ، سوغۇق كولۇپ مەسخىرە قىلىپ:

— ئېيتىڭا، بۇ بىرنېمە شورپامدا نېمە قىلىدۇ؟—دەپتۇ.

كوتكوچى ئىگىلىپ بىر ھازا زەڭ سېلىپ قارىغاندىن كېيىن،

ئەدەپ بىلەن دەپتۇ:

— ئۇ ئىگىدىسىچە سۇ ئۈزۈۋېتىپتۇ، ئەپەندىم.

## 33. ئەڭ چوڭ پاراخوت

باشقا-باشقا دۆلەتتىن كەلگەن ئۈچ ماتروس پاراخوتتا چۈشۈپ، ئۆز دۆلەتلىرىدە ياسالغان پاراخوتلارنىڭ چوڭلۇقى ئۈستىدە ماختىنىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بىرى ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپتۇ:

— بىزنىڭ پاراخوتىمىز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پاراخوت. پاراخوت باشلىقى قوماندانلىق سۇپىسىدا موتسىكلىت مىنىپ يۈرۈپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

ئارقىدىن يەنە بىرەيلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ھېچقانچە ئەمەسكەنغۇ. بىزنىڭ پاراخوتىمىز دېگەن سىلەرنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ. ئاشپەز مەشكە قارا ماشىنا بىلەن كۆمۈر سېلىپ چىقىدۇ.

— سىلەر يو ئېيتىۋاتىسىلەر! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئۈچىنچى كىشى، — مانا بىزنىڭ پاراخوتىمىز دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پاراخوت. ئاشپەزىمىز قازاننىڭ ئىچىدە قولۋاقنى ھەيدەپ يۈرۈپ تاماق ئېتىدۇ.

## 34. ئوت تۇتاشتۇرالماسلىق

تاماكا خۇمارى كۆچلۈك بىر كىشى كۆپ قېتىم تاماكا تاشلاش نىيىتىگە كەپتۇ-يۇ، لېكىن ئەمەلىگە ئاشۇرالماپتۇ. ئۇ ئا-

مالسىزلىقتىن غۇتۇلداپ تۇرۇپ، يېنىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ ھۆزۈرلىنىپ چېكىشكە باشلاپتۇ. ئاغىنىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپ-تۇ:

— تاماكا چېكىش ئىنتايىن زىيانلىق، ھەم ئۇنىڭ چىقىمى كۆپ. ئۇنىڭدىن كۆرە، تاماكا خۇمارىڭ تارتقاندا، ئىككى تال قايماقلىق مۇز چوكا ئېلىپ يەپ باقساڭ بولامدۇ.

— ئاللىقاچان سىناپ كۆرگەنمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى دەرھال، — ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى تۇتاشتۇرالمىدىم.

## 35. ئون كوي بېرىڭ

پاۋىل چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىرسى ئۇنىڭغا توققۇز كوي بەرگەنىكەن، ئۇ:

— ئاز بولۇپ قالدى، 10 كوي بېرىڭچۇ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېلىقى كىشى بەرگىلى ئۇنىماپتۇ.

ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، قولىدا بىر تىيىنمۇ يوق تۇرغىدەك. ئۇ شۇ ھامان كۆزىنى يۇمۇپتۇ-دە:

—بوپتۇ، توققۇز كوي بەرسىڭىزمۇ بېرىڭا! — دەپتۇ.

## 36. بىر ئىشتان تىكىپ بېرىڭ

بىر تىلەمچى دەرۋازىنى قېقىپ، سەدىقە سوراپتۇ.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. موما، — دەپتۇ تىلەمچى.

— ۋاي بىچارە، — دەپتۇ مۇماي، ـ مەندە پۇلمۇ، يەيدىغان نەرسىمۇ يوق. ئاۋادا كىيىملىرىڭنى ياماتماقچى بولساڭ، بۇنىڭغا

ياردەم بېرەلەيمەن.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى گەپ ئىكەن، — دەپتۇ تىلەمچى، — مەندە بىر تال تۇگمە بار، شۇ تۇگمىنى قاداپ بىر ئىشتان تىكىپ بەرسىڭىز قانداق؟.

## 37. ماشىنىلار ئۆكتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ

ئىلىپىنىڭ سۈنئىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەم بىر پارچە گېزىت سېتىۋاپتۇ-دە، گېزىت كۆرگەن بولۇپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ گې-زىتنى تەتۈر تۇتۇۋالغانىكەن.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى ئۇنىڭغا، — گېزىتتە قانداق خەۋەرلەر بار ئىكەن؟

— ۋەقە تۇغۇلۇپتۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى جاۋابەن، — قارىمامسىز، سۈرەتتىكى ماشىنا چاقلىرىنىڭ ھەممىسى ئاسمانغا قاراپ قاپتۇ.

## 38. نەچچىنچى ئايدا كەتكەندۇ

ھەيكەلتىراش خاك كىشىلەرگە تەزىم قىلغاندا بىر ئىگىلىپلا بولدى قىلىدىكەن، كىشىلەر ئۇنى ئەدەپسىز ئىكەن، دەپ قارايدى-كەن. بىرەيلەن ئۇنىڭغا:

— كىشىلەرگە تەزىم قىلغاندا ئىچىدىكىدە: "1-ئاي، 2-ئاي ..." دەپ ساناپ تاكى 12-ئايغىچە بېشىڭىزنى ئېگىڭۋەر، مۇشۇنداق قىلساڭ ئەدەپلىك بولغان بولۇسەن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئەتىسى ئۇ كوچىدا بىر قەدىناس دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ

قالغانىكەن، ھېلىقى ئادەمنىڭ دىگىنىدەك قىپتۇ. خاكىنىڭ دوستى ئۇنىڭ تۇگىمەس تەزىمىلىرىدىن ھەيران بولۇپ، كېتىپ قاپتۇ. خاك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قەدىناس دوستى يېنىدىدا يوق تۇرغىدەك، شۇنىڭ بىلەن يولۇچىلاردىن:

-- ئۇ نەچچىنچى ئايدا كەتكەندۇ؟-- دەپ سوراپتۇ.

## 39. تاسادىپىي كىرىم

مەلۇم بىر شىركەتنىڭ بىناسىغا ئوت كېتىپ، ئەتراپنى قاپقا-را ئىس-تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ، ئوت بارغانسىرى ئۇلغايغىلى تۇ-رۇپتۇ، لېكىن ھېچكىممۇ ئوت ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. شىركەت باشلىقى تىت-تىت بولغىنىدىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ:

-- كىم باشلامچىلىق بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ ئوت ئۆچۈرسە، مەن شۇنىڭغا 50 مىڭ دوللار ئىنئام بېرىمەن! -- دەپ ۋارقىراپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىر ماشىنا ئوت ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر بەس-بەستە ئېتىلىپ كىرىپ، ئوت ئۆچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئاخىر ئوت ئۆچۈرۈلۈپ، شىركەتنىڭ مال مۈلكى ئامان قاپتۇ. شوپۇر 50 مىڭ دوللار ئىنئام ئاپتۇ، مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

-- بۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ -- دەپ سورىغانىكەن، شوپۇر:

-- ئاۋۋال ماشىنامنىڭ تورمۇزىنى رېمونت قىلدۇرىمەن، -دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 40. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش

زاۋۇت باشلىقى يېڭى كەلگەن دەرۋازىۋەنگە:

مالللىرىمىزنى كىشىلەر دارۋازىدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىپ كەتمىسۇن، دىققەت قىل جۇمۇ! — دەپ تاپىلاپتۇ.

ئىشتىن چۈشۈپ قايتىدىغاندا، دەرۋازىۋەن ئىشچىلارنىڭ سومكىسىنى بىر-بىرلەپ ئاقتۇرۇپتۇ، لېكىن سومكىلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر نەرسە تېپىلماپتۇ.

بىر قېتىم دەرۋازىۋەن زاۋۇت باشلىقىدىن:

— زاۋۇتىمىزدا قانداق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سومكا، — دەپتۇ زاۋۇت باشلىقى.

## 41. تۇنجى قېتىم ھەقىقەتەن شۇنداق

— شىركىتىڭىز مېنىڭ ئەڭ يېڭى كەشپىياتىمنى قوللىنىشنى خالامدىكىن؟ بۇ، ئاپتوماتىك ساقال ئېلىش ماشىنىسى. بىرقانچە تەڭگە پۇلنى ماشىنا ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئارقىدىن بېشىڭىزنى تۆشۈككە تىقىسىڭىزلا، ئىككى تەرەپتىكى ئۇستۇرا ئاپتوماتىك يۇسۇندا ساقال-بۇرۇتلىرىڭىزنى پاكىز ئېلىپ قويىدۇ.

— ھەربىر ئادەمنىڭ يۈز شەكلى ئوخشىمايدىغان تۇرسا...

— تۆنجى قېتىم ھەقىقەتەن شۆنداق.

## 42. مۇنەۋۋەر بوكسيورچى

ئەلىك: مەن ياش چېغىمدا مۇنەۋۋەر بوكسيورچى ئىدىم، مەن بىلەن مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى بىر قولۇم بىلەنلا يەرگە مىخلاپ قوياتتىم.

ئەينىيا: راست شۇنداقمىدى؟

ئەلىك: ئەلۋەتتە. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەن بىلەن مۇشتلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان سېنىڭدەك قوللۇق ئادەمنى تا ھازىرغىچە تاپالماي كېلىۋاتىمەن.

## 43. ئويلىنىۋاتىمەن

بۇلاڭچى: قىمىرلىما، دۈمبەڭگە تاپانچام تىرەگلىك!

بىننى: نېمە؟

بۇلاڭچى: قىمىرلىما دەۋاتىمەن، ياۋاشراق بول.

بىننى: ماقۇل، ماقۇل، ئەپەندىم، تاپانچىڭىزنى نېرىدىراق تارتىسىڭىز.

بۇلاڭچى: ئاغزىڭنى يۇم! ھېلىڭغا تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ؟ بىننى ئۈزاققىچە ئۈنچىقماپتۇ.

بۇلاڭچى: ئېيتقىنا، زادى ھېلىڭغا تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ؟

بىننى: ئويلىنىۋاتىمەن!

## 44 . شەتلەڭگە كىيىم

تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدا سىرىق شەتلەڭگىدىن ئوخشاش كى-
يىمى سېتىلىپتۇ، كاتەكچىلىرىگە رەقەم چۈشۈرۈلگەنىكەن. خېرى-
دار ھەيران بولۇپ:

— بۇنىڭ كاتەكچىلىرىگە رەقەم چۈشۈرۈلگىنى نېمىسى؟ -
دەپ سوراپتۇ.

— بۇ يېڭى مەھسۇلات، ئىشلىتىش ناھايىتى قولايلىق،
—دەپتۇ ئايال پىرىكازچىك چۈشەندۈرۈپ، - ئەگەر كېچىدە سىزنى
بۆرگە چېقىپ كەتسە، خۇتۇنىڭىزغا: ”مارى، 17-كاتەكچىنى تۇ-
تۇپ مىجىۋەتكىنە!“ دېسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ.

## 45 . بېلىق سېتىۋېلىش

ستان ئەپەندى بېلىق سېتىۋالماقچى بولۇپ بازارغا بېرىپتۇ،
ئۇ، بېلىقنى بۇرنىغا يېقىن ئەپكېلىپ ئۇزۇنغىچە پۇراپتۇ.

- نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپتۇ بېلىق ساتقۇچى.

— بېلىقتىن دېڭىزدا نېمە خەۋەرلەر بار دەپ سوراۋاتىمەن.

— ئۇ سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟ — دەپتۇ بېلىق ساتقۇچى
ئاچچىقلاپ.

— ئۇ:”سىزگە ئېيتقۇدەك يېڭى ئىشلار يوق، چۈنكى مەن
دېڭىزدىن ئايرىلغىلى ئۈچ ھەپتە بولغان“ دەۋاتىدۇ.

## 46 . غېپىدە سېلىۋەتتىم

— مانا بۇ خەتنى ۋە 30 تىيىننى تۇت، — دەپتۇ باي مال-



www.uyghurkitap.com

يىـغا، — بۇ خەتنى پوچتا ساندۇقىغا سېلىۋەت. شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى، ئاۋۋال ماركا سېتىۋېلىپ، كونۋېرت ئۇستىگە چاپلا، ئاندىن سال.

مالاي بىردەمدىلا قايتىپ كەپتۇ، پۇل تېخىچە قولىدا سىقىم-داغلىق تۇرغىدەك.

— نېمىشقا ماركا سېتىۋالمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ خوجا-يىن.

— مەن ئۇنداق دۆت ئەمەس، — دەپتۇ مالاي، — پوچتا ساندۇقىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەتراپقا تازا ئوبدان قارىۋەتتىم-دە، ھېچكىم دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەتنى غىپ-پىدە سېلىۋەتتىم!

## 47. خىزمەتچى ئېلىش

ئاسار ئەتىقە دۇكىنىغا بىر خىزمەتچى لازىم بولغانىكەن، خوجايىن پول ئۇستىدىن ئىنچىكە بىر تال ياغاچ شىشىقىنى ئې-لىپ، ئىمتىھان بېرىشكە كەلگەن يىگىتتىن سوراپتۇ:

— تازا ياخشى قارا، قولۇمدىكى بۇ نېمە؟

— پادىشاھ پېتىرنىڭ چىش كولىغۇچى.

—جاۋابىڭ جايىدا، ھازىردىن باشلاپ خىزمەتكە چۈشسەڭ بولىدۇ.

## 48. تەڭگە تەك

بىرمۇنچە ئادەم بەس-بەستە ”تورغاي گۆشى كونسىرۋاسى“

سېتىۋېلىشقا باشلاپتۇ. بىر ئايال بىرقانچە قۇتا كونسېرۋا سېتىۋېلىپ، بىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ يەپ باقسا، ئات گۆشىنى-دەك تېتىپتۇ.

بۇ چاغدا بىر باجگىر يېتىپ كەلگەنىكەن، ئايال ئۇنىڭغا ئەھ-ۋالنى ئېيتىپتۇ:

— تېتىپ باقسام، بۇ تورغاي گۆشى ئەمەستەك قىلىدۇ، سىزمۇ تېتىپ كۆرۈڭا!

باجگىر تېتىپ باققاندىن كېيىن كونسېرۋا ساتقۇچىدىن:

— سېتىۋاتقىنىڭىز راستىنلا تورغاي گۆشى كونسېرۋاسىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست شۇنداق، چاتاق يوق، — دەپتۇ كونسېرۋا ساتقۇچى.

— بۇ كونسېرۋا ساپ تورغاي گۆشىدىنلا ئىشلەنگەنمۇ؟

— ھە··· ياق.

— نېمىنىڭ گۆشىنى ئارىلاشتۇردىڭىز؟

— ئات گۆشىنى.

— قانچىلىك ئات گۆشى ئارىلاشتۇردىڭىز؟

— كۆپ ئەمەس، كۆپ ئەمەس······

— زادى قانچىلىك ئارىلاشتۇردىڭىز؟

— تەڭگە تەڭ.

— ئېنىقراق ئېيتىڭچۇ، زادى قانچىلىك تورغاي گۆشىگە قانچىلىك ئات گۆشى ئارىلاشتۇردىڭىز؟

— تەڭگە تەڭ ئارىلاشتۇردۇم، — دەپتۇ كونسېرۋا ساتقۇچى جاۋابەن — بىر ئاتقا بىردىن تورغايىنى توغرىلىدىم.

## 49. جاندىن كەچسىمۇ هاراقتىن كەچمەسلىك

شوتلاندىيىلىك بىر هاراقكەش شىمىنىڭ يانچۇقىغا بىر بوتۇلكا ۋىسكى سالغىنىچە كوچا بويلاپ مېڭىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن بىر ماشىنا ئۇنى سوقۇپ يىقىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاچ شىمىنىڭ يانچۇقىنى سىلاپ باققانىكەن، قولىغا هۆل بىر نەرسە ئۇرۇنۇپتۇ.

— هاراق بولماي، قان بولغىدى، ئىلاھىم! — دەپتۇ ئۇ غۇدۇڭشۇپ.

## 50. بىرلا ساقچى بار

بىر بالا دادىسى بىلەن بىللە ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، دادىسىدىن:

— مەستلىك دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قارىغىنا، ئاۋۇ يەردە ئىككى ساقچى تۇرامدۇ، — دەپتۇ دادىسى، — ئاشۇ ئىككى ساقچى كۆزۈمگە توت ساقچى بولۇپ كۆرۈنسە، مەستلىك دېگەننىڭ ئۆزى شۇ.

— بىراق، دادا، — دەپتۇ بالا، — ئۇ يەردە بىرلا ساقچى بارغۇ!

## 51. مىڭ يىل ۋە بىر مىنۇت

بىر كىشى تەڭرى بىلەن پاراڭلىشىپ چۈش كۆرۈپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرى، سېنىڭ نەزەرىڭدە مىڭ يىل نېمىگە

www.uyghurkitap.com

باراۋەر؟

— بىر مىنۇتقا.

— ھەي تەخدىشى يوق ئىگەم، سىنىڭ نەزەرىڭدە ئۇنىڭ تىللا نىمىگە باراۋەر؟

— بىر مىس تەڭگىگە.

— ئەي مېھرى-شاپائەتلىك ئىگەم، ماڭا بىر تىيىن ئىنئام قىلغىن.

— بولىدۇ، بىر مىنۇت كۈتكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەڭرى.

## 52. مەنمۇ بۇ يەرلىك ئەمەس

ساياھەت بويۇملىرىنى بازارغا سالىدىغان فىل ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ھاراقنى ئۆلگىچە ئىچىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ناتونۇش بىر شەھەرگە كېلىپ، بىر قاۋاقخانىنى تېپىپتۇ-دە، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپتۇ. قاۋاقخانىدىن چىقىپلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ.

بۇ ئادەممۇ ئەمدىلا قاۋاقخانىدىن چىققان بولۇپ، فىلدىنمۇ كۆپرەك ھاراق ئىچكەنىكەن، ئۇ ئاللىقانداق غەلىتە بىر نەرسىنى كۆرگەندەك، قولى بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ:

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندىم، ئاسماندىكى قۇياشمۇ ياكى ئايمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

فىل قاراپ باققاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ:

— بىلمەيمەن، مەنمۇ بۇ يەرلىك ئەمەس، — دەپتۇ.

## 53 . يىلپىز ئوۋلاش

A ئەپەندى بىلەن B ئەپەندى تاغقا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ، بىر كۈنى كەچتە چېدىرنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن، A ئەپەندى مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ، يىلپىز ئوۋلاشقا چىقماقچى بولۇپتۇ.

— چىقما! — دەپتۇ B ئەپەندى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، كېچىسى يىلپىز ئوۋلاش ناھايىتى خەتەرلىك!

— بىكار گەپ، — دەپتۇ A ئەپەندى، — مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يىلپىزنىڭ تېرىسىنى سەن سويغىن، ئەمىسە.

— بولىدۇ، — دەپتۇ B ئەپەندى، — بىراق بارمىساڭ بولاتتى!

A ئەپەندى ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەي، چىقىپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىز ئاي يورۇقىدا بىر يىلپىزنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بىر پاي ئوق ئۈزگەنىكەن، يىلپىزنىڭ سول پۇتى ئازراق زەخىملىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلپىز غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەپتۇ، A ئەپەندى مىلتىقىنى تاشلاپ قېچىپتۇ.

A ئەپەندى چېدىر يېنىغا يېتىپ كەلگەندىمۇ، يىلپىز يەنە قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ، ئۇ يوشۇرۇنۇۋالىدىغان جاي تاپالماي، چېدىرنىڭ ئالدى ئىشىكىدىن كىرىپ، ئارقا ئىشىكىدىن ئۆزىنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن B ئەپەندى ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

يىلپىز ئالدىنقى ئىشىكتىن چېدىرغا كىرگەن شۇ پەيتتە، A ئەپەندى B ئەپەندىگە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي B، مانا بۇ بىرىنچى يىلپىز، ئۇنىڭ تېرىسىنى سەن

سويۈۋەتكىن، مەن ئىككىنچى يىلپىزنى ئۈزۈلاشقا كەتتىم!

## 54. ھەممەيلەن رازى

شوپۇر: مەندىن ماشىنىنى ئۇسال ھەيدەيدىكەنسىز دەپ ئاغرىنغىنىڭىز نىمىسى؟ مېنىڭ بۇ كەسىپ بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقىنىمغا 15 يىل بولدى. ماشىنامغا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى رازى بولۇپ كەلگەن، زادى ھېچكىممۇ مەندىن قىلچىلىك نارازى بولۇپ باقمىغان!

خېرىدار: ۋاي شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆزۈمنى چاغلىماي سۆزلەپ قويۇپتىمەن، كەچۈرۈڭ. ئېيتىڭا، ھەيدەپ كېلىۋاتقىنىڭىز قانداق ماشىنا ئىدى؟

شوپۇر: تاۋۇت ماشىنىسى.

## 55. ياردەمگە موھتاج

شىركەتنىڭ ئىككى خادىمى بىر ۋاكالەتخانىدا مەلۇم ئاۋۇئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ساتىدىكەن. ئۇلار خىزمەتنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلىگەچكە، زادىلا سەۋەنلىك كۆرۈلمەپتۇ.

بىر كۈنى بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇلارنى خىزمىتىڭلار قالايمىقان، ئۇنۇمى بەك تۆۋەن ئىكەن دەپ ئەيىبلەپ كېتىپتۇ. ئۇ، ئىككى خادىمنىڭ قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ:

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ كارنىيى يىرتىلغۇدەك كاركىراپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدىلا بۇ ئىككى خادىم بىشىنى كۆتۈرۈپ، بىر بىرىگە قاراپ قويۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى يەنە بىرىگە دەپتۇ:

— بۇ ئەپەندىم ياردەم قىلىشىمىزغا موھتاج بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي قاپتۇ ئەمەسمۇ!

## 56. ئۆزۈم پىيادە باراي

بىر يولۇچىنىڭ يۈك-تاقى بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇ بىر ماشىنا كىرا قىلماقچى بولۇپ، شوپۇردىن:

— پويىز ئىستانسىسىغىچە نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەتتە فىرانىك، ئەپەندىم.

— يۈك-تاقلىرىمغا نەچچە ئالىسىز؟

— ھەق ئالمايمەن.

— ئۇنداقتا يۈك-تاقلىرىمنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ بىرىڭ، ئۆزۈم پىيادە باراي.

## 57. دىڭىز بوغىزىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈش

بىر يىگىت مىڭ بىر جاپادا ئەنگلىيە بوغىزىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ قىرغاققا چىققاندا نۇرغۇن كىشلەر يىتىپ كىلىپ تەبرىكلەپتۇ. بىر بوۋاي كىلىپ، يىگىتنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ يەردە كىرا كېمىسى بارلىقىنى بىلمەمتىڭىز، بالام؟ — دەپتۇ.

## 58. تېخى يېقىندىلا كەسپىمنى ئۆزگەرتكەن

بىر يولۇچى كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىقىپتۇ. يېرىم يولدا ئۇ بىر ئىشنى سورىماقچى بولۇپ شوپۇرنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرغانىكەن، شوپۇر قورقىنىدىن ”ۋايجان!“ دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ يولۇچى ئۆزۈرخالىق ئېيتىپ، — بۇنچىلىك قورقۇپ كېتىشىڭىزنى ئويلىماپتىمەن.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، كىچىككىنە چۈشەنمەسلىك بولدى، — دەپتۇ شوپۇر چۈشەندۈرۈپ، — مەن بۇ چاققىچە تاۋۇت ماشىنىسى ھەيدەپ كەلگەن، تېخى يېقىندىلا كەسپىمنى ئۆزگەرتىپ، كىرا ماشىنىسى ھەيدەشكە باشلىغانىدىم.

## 59. ئەقىللىق شوپۇر

— ماشىنا ھەيدەشنى بىلمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ بىر شوپۇر ماشىنىسىنى بىر مەيداندا توختاتقاندىن كېيىن، سەيلى قىلىپ يۈرگەن بىر يولۇچىدىن.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ يولۇچى.

— ئۇنداق بولسا ماشىنامغا قاراپ تۇرۇڭچۇ، مەن ئاۋۇ دوقمۇشقا بېرىپ ئازراق بىرنەرسە ئەپكېلىۋالاي.

## 60. پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن

تاغقا چىقىۋاتقاندا، ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرى تىك

ياردىن پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ.
— ياربلاندىڭمۇ، قانداق؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ يەنە بىرى.
— بىلمەيمەن، ھېلىغىچە پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن!

## 61. قايتىپ كېلىش بېلىتى

جونس بىلەن مىگېر ئەتە ئەتىگەندىكى تۈنجى پويىزغا ئولتۇرۇپ، شەھەر سىرتىغا چىقىپ، دۈئىلغا چۈشۈشكە كېلىشىپتۇ.

ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە پويىز ئىستانسىسىغا كەپتۇ. جونس قايتىش بېلىتىنىمۇ ئاپتۇ، مىگېر بولسا باردىغان بېلەتنىلا ئاپتۇ.

- ھا! ھا! قايتىپ كەلمەمسەن؟ — دەپتۇ جونس، مەن ھەرقېتىم دۈئىلغا چىققاندا قايتىپ كېلىدىغان بىلەتنىمۇ ئالىمەن.

— مەن زادىلا ئالمايمەن، — دەپتۇ مىگېر، — مەن ھەرقېتىم قارشى تەرەپنىڭ قايتىپ كېلىش بېلىتىنى ئىشلىتىمەن.

## 62. مۇسابىقە ھېسابلاش سائىتىنى ئاۋۋال توختىتىۋېتىڭ

بىر سودىگەر ماشىنا كىرا قىلىپ مەلۇم بىر يەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ماشىنا تۈيۈقسىز يول بويىدىكى چوڭقۇر ئازگالغا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. شوپۇر ئالاقزادە بولۇپ:

— ماشىنامنىڭ تورمۇزى كاردىن چىقىپتۇ، كونترول قىلالمايۋاتىمەن، قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

— ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ ھېسابلاش ئەسۋابىنى ئاۋۋال توختىتىۋېتىڭ! — دەپتۇ سودىگەر شۇ ھامان.

## 63. قوڭغۇراقلىق سائەتنى سىلكىپ قويۇڭ

بىر يولوۋچى كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ سارايۋەندىن:

— تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرماقچىدىم، قوڭغۇراقلىق سائىتىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سارايۋەن ئۇنىڭغا داتلىشىپ قالغان قوڭغۇراقلىق سائەتتىن بىرنى ئەپكېلىپ بېرىپتۇ.

— بۇ سائەت، دېگەن ۋاقىتتا جىرىڭلامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يولۇچى.

— ناۋادا ئورنىڭىزدىن تۇرماقچى بولغاندا جىرىڭلىمىسا، ئۆزىڭىز ئۇنى سىلكىپ-سىلكىپ قويۇڭ! — دەپتۇ سارايۋەن.

## 64. ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم

لوندوندىن پارىژغا بارىدىغان پويىزدا بىر يىگىت بىلەن بىر موماي دېرىزە يېنىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپتۇ.

يىگىت سېغىز كەمپۈت چايناتتى، بىردەم دېرىزە سىرتىغا قارىسا، بىردەم مومايغا قاراپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ئۇنچىقماي كەلگەن موماي ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ھەي بالام، ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن مۇڭدىشىمەن دېمە، قۇلىقىم بەك ئېغىر. باياتىن شۇنچە كۆپ گەپ قىلغان بولساڭمۇ،

ھېچ نېمىنى ئاڭلىيالمىدىم.

## 65. بېكەتكە ۋاقتىدا كېلىش

سودىگەر جىم تۆمۈريولدا كۆپ يىل سېتىقچىلىق قىلغانىكەن، بىر كۈنى ئۇ بىر پويىزنىڭ بېكەتكە ۋاقتىدا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ دەرھال پويىز خادىمى ئالدىغا بېرىپ:

— تاماكا چېكىڭ، مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن! مەن مۇشۇ تۆمۈر يولدا 15 يىل ئۇقەت قىلدىم، پويىزنىڭ بېكەتكە ۋاقتىدا كەلگەنلىكىنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، — دەپتۇ.

— تاماكىڭىزنى سۇنماي تۇرۇڭ، — دەپتۇ پويىز خادىمى، — بۇ تۈنۈگۈن كېلىشكە تېگىشلىك پويىز ئىدى.

## 66. ھاراق ئىچكەچ كۆتۈش

سەھەراغا ئارام ئېلىشقا بارغان بىر ساياھەتچى كىچىك بىر قاۋاقخانىغا يۈگۈرگىنىچە كىرىپ، كېلىپ:

— ۋاي قۇتقۇزۇڭلار! قېيىن ئانامنى ساسلىق يۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، پۇتى چۆكۈپ كېتەي دەپ قالدى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھودۇقماڭ، — دەپتۇ شۇ يەرلىك بىر كىشى، — مەن بۇ رومكىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ساسلىقتىن چىقىرىپ قويىمەن.

— رەھمەت، — دەپتۇ ساياھەتچى، — ئۇنداقتا مەنمۇ بىر رومكا ئىچەي، ئىچكەچ سىزنى كۈتەي.

— ئەمدى ماڭايلى، — دەپتۇ شۇ يەرلىك كىشى ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتكەندىن كېيىن، — بۇ چاققىچە قېيىن ئاندىن كېيىنمۇ تىزى-غىچە پاتقاندۇ، ھەقىچان.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپتۇ ساياھەتچى، — ئۇ ساسلىقتا بېشىچە پېتىپ قالغاندى، بۇنى سىزگە دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتى-مەن.

## 67. ئۇزۇم

بىر ئادەم ئامېرىكىغا تاماشا قىلغىلى بېرىپتۇ، كەڭ ئې-كىنزارلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئېتىزدىكى تاۋۇزنى كۆرسە-تىپ:

— بۇ ئۈزۈممۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇنداقمۇ چاقچاق قىلامسىز! — دەپتۇ يەر ئىگىسى جاۋابەن، — ئۈزۈم دېگەن مۇشۇنداقمۇ كىچىك بولامدۇ، بۇ دېگەن كىشمىش!

## 68. قەرز ئالغۇچى ۋە قەرز بەرگۈچى

ياشىنىپ قالغان جون جان ئۆزۈش ئالدىدا ئوغلىغا قەرز ئالغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ۋە قەرز پۇل سانىنى قىينالغان ھالدا ئېيتىپ بېرىپ، جىم بولۇپ قاپتۇ.

— بىزگە قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭىزغۇ، دادا؟ — دەپتۇ ئوغلى.

— بۇنىڭدىن غەم قىلما، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## 69 . فرانسۇزچە ئۆگىنىشتىن مەقسەت

— ئەر-خوتۇن برانتىلارنى فرانسۇزچە ئۆگىنىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

— شۇنداق، ئۇلار فرانسىيىلىك بىر بوۋاقنى بېقىۋالغانىدى، بالا چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقالماي قالمىزمىكىن دەپ فرانسۇزچە ئۆگىنىۋاتىدۇ.

## 70 . مۇۋەپپەقىيەتسىز ئويۇن

كىچىك ئانجىس دادىسى بىلەن بىللە سىرك كۆرۈشكە بېرىپتۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنىڭ قانداق نومۇرلارنى ياقتۇرۇپ كۆرگەنلىكىنى تەپسىلىي سوراپتۇ.

— ھەممە نومۇر ناھايىتى ياخشى ئىكەن، پەقەت بىر ئادەمنىڭ خەنجەرنى بىر قىزغا قارىتىپ ئاتىدىغان نومۇرىلا مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ قالدى.

— قانداقچە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولدى؟

— ئۇ خەنجەرنى ھېلىقى قىزغا زادىلا تەگكۈزەلمىدى.

## 71 . كۆيۈمچان بالا

— ئەمدى تازا راھەت كۆرىدىغان بوپسىز-دە، قىزىڭىز چوڭ-چوڭلا بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ مېھمان ماختاپ.

— مېنىڭ قىزىم شۇنداق كۆيۈمچانكى، — دەپتۇ ساھىبخان ئايال خاپا بولۇپ، — مەن تاغدەك دوۋىلىشىپ كەتكەن كىيىملەرنى

يۇيۇپ بولالمايۋاتسام، ئۇ ئۆيدە بىرەر كۈنمۇ بولسا تۇراي دېمەيدۇ، نەقەدەر تەلەيلىكمەن ـ ھە!

— ھەي، بۇ بالىنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن يۇمشاقكەن، — دەپتۇ مېھمان ھە-ھۇ بىلەن، — ئانامنىڭ جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيلا قوياي دەپتۇ-دە!

## 72. قاراڭغۇ چۈشكەندە

ھىلتون مېھمانخانىسىنىڭ قاۋاقخانىسىدىكى تېلېۋىزوردا ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئايغا چىققان كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلىپتۇ. ئامېرىكىلىق بىر كىشى ئىرلاندىيىلىك دوستىغا:

— قارىغىنا، ئامېرىكا يىگىتلىرىمىز نېمىدېگەن نوچى ـ ھە! ـ دەپتۇ.

— بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى، — دەپتۇ ئىرلاندىيىلىك كىشى مەنسىتمىگەن ھالدا، — بىز ئىرلاندىيىلىكلەر يېقىندا قۇياشقىمۇ چىقىمىز.

— قۇياش شۇنداق ئىسسىق تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداق چىققىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئامېرىكىلىق ئىنتايىن تەئەججۇپلەنگەن ھالدا.

— قاراڭغۇ چۈشكەندە چىقىمىز ـ دە! — دەپتۇ ئىرلاندىيىلىك ئادەم.

## 73. ئاجايىپ مۆجىزە

تاموژنا خادىمى بىر مومايدىن:

— بۇ بوتۇلكىلارنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— زەمزەم سۈيى، — دەپتۇ موماي، — فرانسىيىگە ساياھەتكە بارغاندا بىر چىركاۋدىن قاچىلىۋالغانمەن.

تاموژنا خادىمى بوتۇلكىنى ئېچىپ، ھىدىلاپ، بولۇپمۇ بۇ ھاراقنىڭ، ھاراق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جىددىيلىشىپ قاپتۇ، — دەپتۇ قېرى ئۇنىڭ ئالدىدىكى بوتۇلكىدىكى نەرسىنىڭ ھاراق ئىكەنلىكىنى، بىر بوتۇلكىسىنى ئاچ-

— ھەي موما، ئەمدى بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ — دەپتۇ تاموژنا خادىمى.

— ئاھ، ھەممىگە قادىر خۇدا! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ موماي، — ھەقىقەتەن ئاجايىپ مۆجىزىغۇ بۇ!

## 74. پويىزغا چىقىش

پويىز خادىمى: ئەپەندىم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، بىلىتىڭىز قېنى؟

يولۇچى: بىلەت دەمسىز؟ مەندە بىلەت يوق.

پويىز خادىمى: بىلەت يوق؟ نەگە بارماقچىدىڭىز؟

يولۇچى: ھېچ يەرگە بارمايمەن.

پويىز خادىمى: ئەمىسە، نېمىشقا پويىزغا چىقتىڭىز؟

يولۇچى: بېكەتتە تۇرسام بۇ پويىز ئۇچراپ قالدى، پويىزدىكى رادىئو: «ھەممەيلەن تېزرەك پويىزغا چىقىڭلار، ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىراۋەردى، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز پويىزغا چىقتىم.

## 75. ئەپچىل تەدبىر

مەنسىپى ئۆستۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ساقچى ئويلىمىغان بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەپتۇ، بىر قېتىملىق سۆھبەتتە باشلىق

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن:

— ناۋادا سىز قاچقان جىنايەتچىنى قوغلاپ كېتىۋاتقان بولسىڭىز، تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە ماشىنىڭىزنىڭ ئالدىنى تۇيۇقسىز ھەيۋەتلىك بىر ئۆرۈش پاراخوتى توسۇۋالسا، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنى ئەلۋەتتە چۆكتۈرۈۋېتىمەن! — دەپتۇ ساقچى جاۋابەن.

— قانداق چۆكتۈرۈۋېتىسىز؟ — دەپتۇ باشلىق چۆچىگەن ھالدا.

— سۇ ئاستى پاراخوتىم بىلەن چۆكتۈرۈۋېتىمەن - دە! — دەپتۇ ساقچى.

— سۇ ئاستى پاراخوتىنى نەدىن تاپىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ باشلىق ھەيران بولۇپ.

مانا شۇ ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە، ساقچى ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەپچىل تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— سىز ئۆرۈش پاراخوتىنى تاپقان جايدىن تاپىمەن!

## 76. نىكنىڭ «غايىسى»

نىك ئالتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا:

— مەن چوڭ بولۇپ قالدىم دادا، شىمالدىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيىچىسى بولالايمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

دادىسى: ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ.

نىك: شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مەشىقنى باشلىۋەتسەممىكىن.

دادىسى: قانداق مەشق قىلماقچىسەن؟

نېك: قاتتىق سوغۇققا ماسلىشالايدىغان بولۇش ئۈچۈن ھەركۈنى ماروژنا يەي دەيمەن.

## 77. تېز ئالغا بېسىپسەن

ئوغلى: ئانا، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا مەن بەشىنچى بولدۇم، دەرھال تۇخۇم پىشۇرۇپ بەرگىن.

ئانىسى: ھەقىقەتەن تېز ئالغا بېسىپسەن، ئوبدان بالام، بۈگۈن ساڭا ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرەي.

ئوغلى: رەھمەت، ئانا!

ئانىسى: بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا قانچە بالا قاتناشقانتىڭلار؟

ئوغلى: بەش بالا.

## 78. ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس

— ئانا، ئادەم راستتىنلا مايمۇندىن ئۆزگەرگەنمۇ؟

— شۇنداق.

— ھە، مايمۇنلارنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن-دە.

## 79. ھەممىگە قادىر قوڭغۇراقلىق سائەت

ئىۋان سائەت ماگىزىنىغا كىرىپ، مال ساتقۇچىغا:

— ئوبدانراق قوڭغۇراقلىق سائەتتىن بىرنى ئالماقچىدىم، — دەپتۇ.

— مونۇ قوڭغۇراقلىق سائەتنى ئالسىڭىز جەزمەن رازى بولىسىز، — دەپتۇ مال ساتقۇچى. — ئۇ ئاۋۋال جىرىڭلايدۇ، ئويغانمىسىڭىز گۇدۇك چالىدۇ، يەنە ئويغانمىسىڭىز بومبا پارتلىغان ئاۋاز چىقىرىدۇ، شۇنىڭدىمۇ ئويغانمىسىڭىز يۈزىڭىزگە سوغۇق سۇ چاچىدۇ. زادى ئامال قىلالمىغاندا، باشلىقىڭىزغا تېلېفون بېرىپ، سىزنى ئاغرىپ قالدى دەپ قويىدۇ.

## 80. ئۆز ئالدىغا يېڭى چارە تېپىش

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا بىر ئادەم ھاۋا تاپان بولۇپ مېڭىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ:

— باشقىلارنىڭ مېنى يەنىلا روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم ئىكەن دەپ ھېسابلاۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، باشقا بىمارلارغا ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا مېڭىپ باقاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ.

## 81. كالا ئوغرىلاش

بىر ئادەم كالا ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ، ساقچى يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، تونۇش بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

— قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ھەقىقەتەن شور پېشانە ئىكەنمەن، — دەپتۇ كالا ئوغرىسى، — ئۇلۇشكۈن كوچىدا لاغايلاپ كېتىۋاتسام، بىر ئارغامچا ئۇچراپ قالدى، ئەسقېتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ، ئۇنى ئالغاچ كەتكەنىدىم.

— ئۈنچىلىك ئىش قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولماس؟ — دەپتۇ ھېلىقى تىزنۇش ئادەم يەنە.

— ھەي، بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولۇش تەس، — دەپتۇ كالا ئوغرىسى جاۋابەن، — كىم بىلسۇن، ئارغامـچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى بىر موزاينىڭ بوينىغا باغلاغلىق ئىكەن ئەمەسمۇ!

## 82. داۋالاش تېخنىكىسى ئۈستىدە پو ئېتىش

ئۈچ تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ئۆزلىرىنىڭ داۋالاش تېخنىكىسىنى ماختاپ پو ئېتىپتۇ.

— مەن بىر كىشىگە قول ئۇلىغانىدىم، — دەپتۇ بىر دوختۇر ماختىنىپ، — ئۇ ھازىر مەملىكەت بويىچە داڭلىق كالتەك توپچى بولۇپ قالدى.

— مەن بىر ئادەمگە پۇت ئۇلىغانىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچى دوختۇر، — ئۇ ھازىر دۇنيا بويىچە مەشھۇر ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ قالدى.

— سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار مۆجىزە دېگۈچىلىكى يوق ئىشلار ئىكەن، — دەپتۇ ئۈچىنچى دوختۇر، — مەن بىر قاپاقباشنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ قويۇۋېدىم، ھازىر پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ كەتتى.

## 83. ئۇ ئۇتۇۋالدى

توم: ئۇكاڭغا نېمە بولدى؟

جون: ئۇ يارىلاندى، كارىۋاتتا ياتىدۇ.
توم: تازىمۇ بىر پالاكەتچىلىك بوپتۇ، زادى نېمە ئىش بولدى؟
جون: كىم دېرىزىدىن گەۋدىسىنى بەكرەك چىقىرالايدۇ دەپ تىكىلى-
شىپ ئوينىغانىدۇق، ئۇ ئۇتۇۋالدى.

## 84. ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان كىم

ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا:

— مانا بۇ دۇنيا خەرىتىسى، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قەيەردىلى-كىنى كىم كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

نېك خەرىتە ئالدىغا بېرىپ، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ خەرىتىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

— بارىكاللا، بالىلىرىم، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى يەنە، — ئەمدى ئېيتىڭلارچۇ، ئامېرىكا قىتئەسىنى كىم تاپقان؟

— نېك! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالىلار بىردەك.

## 85. لامپۇچكا ئالماشتۇرۇش

كارىدوردىكى كۆيۈپ كەتكەن لامپۇچكىنى ئالماشتۇ-رۇشقا توغرا كەپتۇ، لېكىن ئاتىسى بىلەن بالىسى ئوخشاشلا شوتا ئېلىپ كېلىشكە ھورۇنلۇق قىپتۇ. ئاتىسى نائىلاج بالىسىغا:

— ئۇنداق بولسا مورەمگە چىقىپ ئالماشتۇرغىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بالىسى لامپۇچكىنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ مورىسى-گە چىقىپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچقانداق سادا بولماپ-تۇ، ئاتىسى ھەيران بولۇپ:

— قانداق، ئالماشتۇرۇپ بولدۇڭمۇ-يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ بۇرمىلىق لامپۇچكا ئىكەن، — دەپتۇ بالىسى، — سەن ئايلىنىپ بەرمىسەڭ، مەن بۇنى قانداق ئالماشتۇرىمەن؟

## 86. نېمىشقا جازالانمىغان

ئوقۇتقۇچى ئەخلاق دەرسىدە:

— ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋاشىنگتون دادىسى ئۆستۈرگەن گىلاس دەرىخىنى كىچىك چېغىدا ئۇقماي كېسىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز خاتالىقىنى يۈرەكلىك ھالدا ئېتىراپ قىپتۇ، دادىسىمۇ ئۇنى جازالىماپتۇ، — دەپتۇ-دە، ئوقۇغۇچىلاردىن:

— ۋاشىنگتون نېمە ئۈچۈن جازالانمىغان؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى قايسىڭلار ئېيتىپ بېرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

بىر ئوقۇغۇچى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ۋاشىنگتون قولىدا پالتىسىنى تۇتۇپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 87. ئايدىكى قىستا-قىستاڭچىلىق

بىر قېتىم جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى ئاي ھەققىدە سۆزلەپ:

— ئاي ناھايىتى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە مىليون ئادەم تۇرۇشقا بولىدۇ، — دەپتۇ.

ماركوس ئىسىملىك بالا بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۈلىسەن؟

— ئاي ئورغاق شەكلىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى

ئادەملەر قانچىلىك قىستىلىپ كېتەر-ھە! مەن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ ماركوس.

## 88. پارتىلىغاندا مۆكۈۋال

بىر ئوغۇل بالا ناھايىتى جىق پىچىنە يەپتۇ، ئۇ يەنە يېمەكچى بولغانىكەن، دادىسى نەسىھەت قىلىپ:

— ئەمدى يېمە، يەنە يەيدىغان بولساڭ قورسىقىڭ پارتلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

— مەن يەنە يېگەندە مۆكۈنۈۋال. — دەپتۇ بالا دادىسىغا.

## 89. ئەسكەر بولۇشقا ئىلتىماس قىلىش

بىر بوۋاي ئەسكەر بولۇشقا ئىلتىماس قىپتۇ.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ سېرژانىت ئۇنىڭدىن.

— 62 ياشقا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

— بىلىشىڭىز كېرەككى، — دەپتۇ سېرژانىت، — يېشىڭىز بەكمۇ چوڭ ئىكەن.

— يېشىم ئېھتىمال ئەسكەر بولۇشقا چوڭلۇق كېلىپ قالار، — دەپتۇ بوۋاي، — ئەجەبا، سىلەرگە گېنېرال كېرەك ئەمەسمۇ؟

## 90. ساقچىنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى

ئىككى ساقچى بۆغا ئوۋلاشقا چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرى زادىلا ئوۋغا چىقىپ باقمىغانىكەن. بىراق ئۇ يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر جاينى تېپىۋاپتۇ، بۇ جاي بۇغىلار داۋاملىق يايرايدىغان يەرگە ناھايىتى يېقىن ئىكەن. ئۇ يوشۇرۇنغان جايىدا سەۋرچانلىق بىلەن ناھايىتى ئۇزاققىچە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئاخىرى شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئاپئاق بىر قويرۇق چاتقاللىقتىن كۆزگە تاشلىنىپتۇ، شۇ ھامان جىددىيلىشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ يوشۇرۇنغان جايىدىن لىككىدە سەكرەپ چىقىپ، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقىرىپتۇ-دە:

— قىمىرلىما، مەن ساقچى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

## 91. يەنە كېلىشكىنى قارشى ئالىمىز

بىر ئوغرى ماگىزىنغا ئىككىنچى قېتىم كىرىپ نەرسە ئوغرىلاۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— ئەجەبا، تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ساقچى.

ئوغرى بېشىنى چايقاپ:

— مەن پەقەت دەرۋازا ئۈستىگە "يەنە كېلىشكىنى قارشى ئالىمىز" دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنىلا بىلىمەن، — دەپتۇ.

## 92. توخلاپ قالغان سۆز

قىسىم شىمالىي قۇتۇپقا جايلىشىپتۇ.

— بۇ يەر ھېچقانچە سوغۇق ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ بىر كونا ئەسكەر، — مەن ئالياسكىدا تۇرۇپ باققان، سوغۇق دېسە

شۇ يەرنى دىسە بولىدۇ جۇمۇ! ئۇ يەردە ھەتتا مەشتىكى ئۇتمۇ توڭلاپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنى ھەرقانچە پۇدەپمۇ ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.

— ئۇ ھىچقانچە ئىش ئەمەس ئىكەنغۇ! — دەپتۇ يەنە بىر كونا ئەسكەر قايىل بولماي، — مەن شۇنداق بىر جايدا تۇرغانكى، ئۇ يەردە پولك كوماندىرى سۆز قىلغاندا، سۆزى ئاغزىدىن چىقا-چىقمايلا توڭلاپ قالاتتى! شۇنداق بولغاچقا، بىز توڭلاپ قالغان سۆزلەرنى قايناقسۇدا ئېرىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى چۈشىنىشكە مەجبۇر بولاتتۇق!

## 93 . ئادۋوكاتنىڭ ھەق ئېلىشى

ئادۋوكات: بۇ يەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىككى سوئالغا جاۋاب بەرسەك 100 دوللار ھەق ئالىمىز.

ۋاكالەتچى: بۇنداق بولسا بەك قىممەت بولۇپ كەتمەسمۇ؟

ئادۋوكات: ياق، قىممەت ئەمەس. ئەمدى ئىككىنچى سوئالىڭىزنى سوراڭ.

ۋاكالەتچى: نېمە؟

ئادۋوكات: ھېچنىمە. 100 دوللار تۆلەڭ.

## 94 . يەرشارى يۇملاق

— دۇشمەننى كۆرۈپلا ئارقىغا قاراپ يۈگۈرگىنىڭلار نېمىسى؟ — دەپتۇ ئوفىتسىر ئەسكەرلەرنى ئەيىبلەپ، — سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمىسەڭلەر، سىلەرنى ئېتىپ تاشلايمەن.



www.uyghurkitap.com

— ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ، يەرشارى دېگەن يۇمىلاق، — دەپتۇ ئەسكەرلەر جاۋابەن، — بىز دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇلارغا ئارقىدىن زەربە بېرەيلى دېگەنىدۇق.

## 95. باتۇر ئەسكەر

ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، گېنېرال ئەسكەردىن:

— ھەي پالۋان، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قانداق خىزمەت كۆرسەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاڭلىسىڭىز جەزمەن خۇشال بولىسىز، گېنېرال جانابلىرى، — دەپتۇ ئەسكەر جاۋاب بېرىپ، — مەن دۈشمەننىڭ ئالدىغا باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى غەزەپ بىلەن چېپىپ تاشلىدىم!

— قولىنى چېپىۋەتتىم دەمسەن؟ نېمىشقا ئۇنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىمىدىڭ؟

— مەن يېتىپ بارغاندا ئۇنىڭ كاللىسى ئالىدىقاچان يەرگە چۈشۈپ بولغانىكەن.

## 96. قىلچە ئاغرىنماسلىق

فات، جېك ۋە تەيلور بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتنىشىپتۇ. بىر قېتىملىق جەڭدە جېكنىڭ بىر بىلىكى ئوق تېگىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال فاتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ۋاي قانداق قىلاي، قارىغىنا فات، بىلىكىم ئوق تېگىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى، — دەپتۇ.

فات قاتتىق بىزار بولغاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ، دەپتۇ:

— نېمىگە ۋارقىرايسەن، تەيلورغا قارىغىنا، ئۇ كالپۇكىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، قىلچىلىك ئاغرىنغىنى يوق!

## 97. قالتىس جاۋاب

يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش مەزگىلىدە سېرژانىت يېڭى ئەسكەردىن:

— ئەگەر سەن ئورمانلىقتا ۋەزىپە ئۆتەشكە يالغۇز بارغىنىڭدا، تۇيۇقسىز 10 دۈشمەنگە ئۇچراپ قالساڭ، قانداق قىلىسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

يېڭى ئەسكەر بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇلارنى قورشىۋالىمەن، باشلىق،— دەپتۇ جىددىي قىياپەتتە.

## 98. ھۆكۈمەت بەك ئەتىۋارلاۋاتىدۇ

خانسۇن: دونار، ئوغلۇڭنىڭ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكىنىگە كۆپ يىللار بولدى، بۇ چاققىچە خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى- غاندۇ، ھەقىچان.

دونار: مۇۋەپپەقىيەت قازاندىمۇ-يوق، بۇنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ھۆكۈمەت ئۇنى بەك ئەتىۋارلاۋاتىدۇ.

خانسۇن: نېمە ئىش بولدى؟

دونار: ساقچىلار، ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى بىلگۈچىلەرگە 100 مىڭ دوللار ئىنئام بېرىمىز دەپ ئېلان چىقاردى.



www.uyghurkitap.com

## 99 . قېرىنداش ئىشلىتىپ تۇرۇڭ

— ۋەي، دوختۇرمۇ؟ تېزرەك ئۆيۈمگە كەلسىڭىز! ئوغلۇم ئېھتىياتسىزلىقتىن قەلىمىمنى يۇتۇۋەتتى!

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا باراي.

— ئەپەندىم، سىز كېلىشتىن ئىلگىرى قانداق قىلسام بولار؟

— خەت يازسىڭىز ئاۋۋال قېرىنداش ئىشلىتىپ تۇرۇڭ.

## 100 . پالاكەت باسقان بىمار

بىر چىش دوختۇرى تۇنجى قېتىم چىش تارتقاندا بەك جىددىيلىشىپ كەتكەچكە قولى تىترەپ كېتىپ، تارتقان چىشنى ئامبۇر بىلەن چىڭ قىسىۋالالماي قاپتۇ-دە، چىش بىمارنىڭ بوغۇزىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

— ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، — دەپتۇ دوختۇر، — سىزنىڭ كېسىلىڭىز مېنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرەمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى، ئەمدى بوغۇز كېسەللىكلىرى دوختۇرىغا كۆرۈنۈڭ.

بىمار بوغۇز كېسەللىكلىرى دوختۇرىغا كۆرۈنگەندە، ئۇنىڭ چىشى بوغۇزىدىن تېخىمۇ تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلىپتۇ.

بوغۇز كېسەللىكلىرى دوختۇرى بىمارنى تەكشۈرۈپتۇ.

— ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، — دەپتۇ دوختۇر، — كېسىلىڭىز مېنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرەمدىن چىقىپ كېتىپ قاپتۇ. ئەمدى ئاشقازان كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسىگە كۆرۈ-

نۇڭ.

ئاشقازان كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى بىمارنى رېنتگېنگە سېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن دەپتۇ:

— ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، چىشىڭىز ئۈچەيگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئۈچەي كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسىگە كۆرۈنۈڭ.

ئۈچەي كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسمۇ ئۇنى رېنتگېنگە سېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن دەپتۇ:

— ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، چىشىڭىز ئۈچەيدە ئەمەس ئىكەن، ئۇ تېخىمۇ تۆۋەن تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ، ئەمدى مەقئەت يولى كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسىگە كۆرۈنۈڭ.

بىمار ئاخىرىدا مەقئەت يولى كېسەللىكلىرى دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈش كارۋىتىغا چىقىپ، كۆتىنى ئاسمانغا قارىتىپ دوڭغىيىپتۇ. دوختۇر كۆزىتىش ئەينىكى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ھەيران بولغان ھالدا ۋارقىرىۋېتىپتۇ:

— ۋاي تۇۋا! كۆتىڭىزگە بىرتال چىش چىقىپ قاپتۇ، دەرھال چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈڭ.

## 101. بۇنداق ماركىلىق بوتۇلكا ئەمەس

روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر كىشى كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەمىشە ئاشقازىنىمدا پىۋا بوتۇلكىسى بار دەپ غودۇڭشۇپ يۈرىدىكەن. ئۇ سوقۇر ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان چاغدا، تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

روھمي كېسەللەر دوختۇرى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى بۇ غەلىتە خىيالدىن خالاس قىلماقچى بوپتۇ. بىمار ئاستا-ئاستا ھوشىغا كەلگەندە، دوختۇر بىر پىۋا بوتۇلكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئاخىرى مانا بۇنى ئېلىۋەتتۇق، — دەپتۇ.

— خاتا ئېلىپ ساپسىلەر، — دەپ چىرقىرىۋېتىپتۇ بىمار، — مېنىڭ قورسىقىمدىكى پىۋا بوتۇلكىسى بۇنداق ماركىلىق بوتۇلكا ئەمەس ئىدى.

## 102. ئېسىگە ئېلىش

ئۇنۇتقاق بىر كىشى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن كەچتە بىر ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى تويۇقسىز يادىغا ئاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ئەسلىيەلمەپتۇ. ئۇ تازا باش قاتۇرۇپ ئويلاپ، يېرىم كېچىگە ئۇلتۇرۇپتۇ-دە:

— ھە، راست، بۈگۈن كەچتە بالدۇرراق ئۇخلىماقچى ئىدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ.

## 103. كۆپ قىسمى بۇ يەردە

— ماڭا نېمە بولغاندۇ؟

— سىز قاتتىق ۋەقەسىدە ئازراق يارىلىنىپسىز، مەن سىزنى ئوپېراتسىيە قىلىۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا مەن دوختۇرخانىدا ئىكەنمەن-دە؟

— شۇنداق، ئەزايىڭىزنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يەردە.

## 104. بىرسى ئىشىكنى چېكىۋاتىدۇ

ئۈچ موماي ئۆز تۇرمۇشى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

— ھازىر ماڭا بىر ئەيىب يۇقۇۋالدى، — دەپتۇ بىرىنچى موماي، — بەزىدە توڭلاتقۇنى ئاچقاندىن كېيىن، ئىچىدىن بىرنەرسە ئالاي دەپ ئاچتىممۇ ياكى ئىچىگە بىرنەرسە سېلىپ قوياي دەپ ئاچتىممۇ، شۇنى ئۇنتۇپلا كېتىدىغان بولۇپ قالدىم.

— ئۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ ئىككىنچى موماي، — ماڭا شۇنداق بىر ئەيىب چاپلىشىۋالدىكى، پەلەمپەيدە تۇرغىنىمدا، ئۈستىگە چىقماقچى ياكى پەسكە چۈشمەكچى بولغىنىمنى ئۇنتۇپلا كېتىمەن.

— خۇدايا شۈكرى، مەندە بۇنداق ئەيىبلەر يوق، — دەپتۇ بارمىقى بىلەن شىرە يۈزىنى تاكىلدىتىپ چېكىپ ئولتۇرغان ئۈچىنچى موماي، — ۋاي، بىرسى ئىشىكنى چېكىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

## 105. شەپە

— چىرايىڭىز بەكلا ئوسالغۇ.

— شۇنداق. خوتۇنۇم كېچىسى مېنى زادىلا ئارامخۇدا ئۇخلىغىلى قويمايدۇ. "تىرىق" قىلغان شەپە ئاڭلانسىلا، ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ دەپ، چىرقىرىغىلى تۇرىدۇ.

— ئوغرى دېگەن ئوغرىلىق قىلغاندا شەپە چىقارمايدىغان تۇرسا.

— مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدىم، شۇندىن كېيىن ئۇ



www.uyghurkitap.com

كېچىسى شەپە ئاڭلانمىسىلا، مېنى ئويغىتىدىغان بولۇۋالدى.

## 106. بىر يىل كۈتتۈم

ماكاد خانىم قىزىنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ دەپتۇ:

— ئەپەندىم، ساق بىر يىل بولدى، قىزىم ”ئالتۇن تۇخۇم تۇغىمەن“ دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، پۇت-قوللىرىنى ”پالاق-پۇلۇق“ قىلىپ، مېكىيان قانات قاققاندەك دورايدۇ ھەمدە مېكىياندەك قاقاقلايدۇ.

— چۈشەندىم، بىراق نېمە ئۈچۈن قىزىڭىزنى شۇ چاغدىلا داۋالاتقىلى ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟

— ھە، مەن ئۇنى راستتىنلا ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ! شۇڭا بىر يىل كۈتۈپ تۇرغانىدىم.

## 107. تەڭرىنى زىيارەت قىلىش

بىر مۇخبىر كۆمۈركانىدا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا بىر خەۋەر يېزىپ، دەرھال گېزىتكە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ماقالە مۇنداق دەپ باشلانغانىكەن:

”تەڭرى بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلدى“

تەھرىر ئۇنىڭغا: ”كان قۇدۇقى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، دەرھال تەڭرىنى زىيارەت قىلىڭ“ دەپ تېلېگىرامما يوللاپتۇ.

## 108. ۋاقىت ھېسابلاش

تىككۇچىلىك دۇكىنىدا كېسىمچى بولۇپ ئىشلەيدىغان جون 25 يىلدىن بۇيان ئىشقا زادىلا كېچىكىپ قالمىغانىكەن، لېكىن بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ بىر سائەت كېچىكىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ھەممىلا يېرىگە بىنىت چاپلانغان بولۇپ، ئوڭ قولى داكا بىلەن بوينىغا ئېسىلغانىكەن. خوجايىن كېچىكىپ قېلىش سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئۇ:

— ناشتا قىلغاندىن كېيىن، دېرىزىدىن سىرتقا قارايمەن دەپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن، ئۈچىنچى قەۋەتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم، — دەپتۇ.

— شۇنىڭغىمۇ بىر سائەت كېتەمدۇ؟ — دەپتۇ خوجايىن مۆرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ.

## 109. ۋاستىلىق باج

ئىقتىسادشۇناسلىق پروفېسسورى: كىم ۋاستىلىق باج ئېلىش توغرىسىدا بىر مىسال كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئىت بېجى.

پروفېسسور: نېمە ئۈچۈن؟

ئوقۇغۇچى: چۈنكى ئىتنىڭ ئۆزى باج تاپشۇرمىسىمۇ بولىدۇ.

## 110. ھايۋانات پادىشاھى

— ساۋاقداشلار، ھايۋانات پادىشاھى كىم؟— دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى.

ھايۋانات باغچىسىنىڭ باشلىقى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جون.

## 111. چىشنى ئالدىرىماي تارتىش

— پۇل دېگەننى تازا تاپىدىكەنسىز جۇمۇ، — دەپتۇ بىمار چىش دوختۇرىغا قاراپ، — ئۈچ سېكونت ئىچىدىلا ئۈچ ئامېرىكا دوللىرى تاپتىڭىز.

— ئەگەر خالىسىڭىز، — دەپتۇ دوختۇر جاۋابەن، — چىشىڭىزنى ئالدىرىماي سوغۇرۇپ - تارتىپ قويساممۇ بولىدۇ.

## 112. چوشقا ۋە ئۆردەك

قاۋاقخانىدا ئولتۇرغان بىر مەست بىر ئادەمنىڭ بىر ئۆردەكنى قولتۇقلاپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ-دە:

— سەن بۇ چوشقا بىلەن نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ چوشقا ئەمەس، ئۆردەك، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— مەن ئۆردەككە گەپ قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ مەست دەرھال رەددىيە بېرىپ.

## 113. دېڭىز تېگىگىچە يېتىپ بارىدۇ

— بۇ سائەت دېڭىزغا چۈشۈپ كەتسە راستىتىنلا توختاپ قالامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خېرىدار مال ساتقۇچىدىن.

— ئەلۋەتتە توختاپ قالمايدۇ، — دەپتۇ مال ساتقۇچى جاۋابەن، — دېڭىز تېگىگىچە يېتىپ بارىدۇ.

## 114. ئەرەنچە كىيىملەرنىلا ساتىدىكەن

سودىيە: سەن كىيىم-كېچەك ئوغرىلىغاندا، ئەجەبا، خوتۇنۇڭ بىلەن قىزىڭنى يادىڭغا ئېلىپمۇ قويمىدۇڭمۇ؟

ئوغرى: يادىمغا ئېلىشنىغۇ ئالدىم، سودىيە ئەپەندىم، بىراق ئۇ دۇكاندا ئەرەنچە كىيىملەرنىلا ساتىدىكەن ئەمەسمۇ.

## 115. بەتبەشىرە

— ئۇ تەرەپتە ئولتۇرغان ئاۋۇ بەتبەشىرە سەت ئادەم كىم بولىدۇ؟

— مېنىڭ ئاكام بولىدۇ.

— ئاپلا، كەچۈرۈڭ، ئىككىڭلارنىڭ بۇنچىلا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىڭلارغا دىققەت قىلماپتىمەن.

## 116. توخۇ پاقالچىقى

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ بىر خېرىدار پايپېتەك بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاشخانا خىزمەتچىسىگە قاراپ، — بۇ توخۇ پاقالچىقىنىڭ بىرى ئۇزۇن، بىرى قىسقا ئىكەن، بۇنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دەپتۇ خىزمەتچى جاۋابەن، — سىز ئۇنى يېمەكچىمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىماقچىمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 117. خاتالاشماپتىمەن

ئاشخانىدا ئىنتايىن ئەدەپلىك بىر كىشى پەلتو كىيىۋاتقان يەنە بىر خېرىدارنى قورۇنغان هالدا نوقۇپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، سىز ران پېئىر ئەپەندى بولامسىز؟

— يوقسۇ، ئۇ كىشى مەن ئەمەس، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم جاۋابەن.

— ئۇھ، ئۇنداقتا خاتالاشماپتىمەن، — دەپتۇ ئۇ يېنىك تىنىپ، — ران پېئىر ئەپەندى دېگەن مەن بولىمەن، سىز ئۇنىڭ پەلتوسىنى كىيىۋېلىۋاتىسىز.

## 118. شۈكۈر قىلىڭ

— ئەمدى زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى! — دەپتۇ ئۆي ئىجارە ئالغۇچى كىشى ئۆي خوجايىنىغا قاراپ، — ئۆگزىدىن چىپىلداپ سۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ!

— سىزنىڭچە نېمە ئۆتسە بولاتتى؟ ئىجارىگە تۆلىگىنىڭىز تايىنلىقلا پۇل، يەنە تېخى ئۆيۈمگە شامپانسكى تامچىلاپ تۇرسا بولاتتى دېمەكچىمۇسىز؟

## 119. تەلەيلىك ئىكەنسىز

ۋېلىسىپىت مىنگەن بىر كىشى پىيادە كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى سوقۇپ يىقىتىۋېتىپتۇ.

— سىز قالتىس تەلەيلىك ئىكەنسىز جۇمۇ، — دەپتۇ سوقۇۋەتكۈچى سوقۇلغۇچىغا تەسەللى بېرىپ.

— قانداق ئىزا تارتمايدىغان ئادەمسىز! پۇتۇمنىڭ يارد-ىلانغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

— قانداقلا بولمىسۇن، قالتىس تەلەيلىك ئىكەنسىز! بۈگۈن ئارام ئالغانىدىم، ئادەتتە قارا ماشىنا ھەيدەيمەن.

## 120. ئاتىسىنى ماختاش

پو ئىتتىشقا ئامراق بىر يول باشلىغۇچى مەيلى ئەنگلىيلىك-لەرگە سۆزلىسۇن ياكى ئامېرىكىلىقلارغا سۆزلىسۇن، ئاتىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ئېسىدىن چىقارمايدىكەن:

— خانىملار، ئەپەندىلەر! سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ مەدەنىيەت سارىيى ئاتامنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سېلىنغان.

— بۇ، ھۆكۈمەت بىناسى. شۇنى تىلغان ئېلىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بۇ بىنانى ئاتام لايىھىلىگەن.

ئۆلۈك دېڭىز بويىغا كەلگەندە، يول باشلىغۇچى يەنە كار-كىرىغىلى تۇرۇپتۇ:

— خانىملار، ئەپەندىلەر! بىز ئۆلۈك دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئۆلۈك دېڭىز...

— دېمىسىڭىزمۇ بىلىمىز، — بىر ساياھەتچى ئۇنىڭ سۆزىنى قاق بەلدىن ئۈزۈپ قويۇپتۇ، — ئۇنى ئاتىڭىز ئۆلتۈرۈۋەتكەن!

## 121. مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇش

خاۋار بىر سومكا شاپتۇلنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇ ئۇلارغا

قاراپ:

— كىمكى بۇ سومكىغا نېمە قاچىلانغانلىقنى ئېيتىپ بېرەلىسە، ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ شاپتۇلنى تاللاپ بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— سومكىغا شاپتۇل قاچىلانغان! — دەپتۇ كىشىلەر بىردەك.

— سىلەرگە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغۇچى جەزمەن ياخشى نەرسە ئەمەس، —دەپتۇ خاۋار.

## 122. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

بىر فرانسىيىلىك كىشى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تارىخى بەك قىسقا دەپ زاڭلىق قىلىپ، دەپتۇ:

— ئامېرىكىلىقلار ئىشى بولمىسىلا ئەجدادلىرىنى ئەسلەشكە ئامراق، بىراق چوڭ دادىسىدىن كېيىنلا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

— فرانسىيىلىكلەر ئىشى بولمىسىلا، — دەپتۇ ئامېرىكىلىق كىشى رەددىيە بېرىپ، — دادىسىنىڭ كىملىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئايدىڭلاشتۇرالمايدۇ.

## 123. ئوتتۇز يىللىق تەجرىبە

پوچتىخانا خىزمەتچىسى باش دىرېكتورغا:

— بۇ كىشى مىل ئەپەندى بولىدۇ، پوچتا ئىدارىسىدا ئوتتۇز يىل ئىشلىدى، ئەمدى پىنسىيىگە چىقسامىكىن دەيدۇ، — دەپتۇ.

باش دىرېكتور:

— ھە، مىل ئەپەندى، بۇ يەردە ئوتتۇز يىل ئىشلەپ نېمىنى ئۆگەندىڭىز؟

مىل:

— پىنسىيە پۇلىنى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتمىسىڭىز ئىكەن.

## 124. ھەۋەس قىلىش

— ئېيتقىنا، جونىس، ھەممىڭلار گېپىمنى قىلىشىپ تۇرامسىلەر؟

— شۇنداق، ھەممىمىز گېپىڭنى قىلىشىمىز.

— راستمۇ؟ سىلەر ئەمەلىمگە ھەۋەس قىلامسىلەر، شىجائىتىمگىمۇ ياكى سۆزمەنلىكىمگىمۇ؟

— ھېچقايسىسىغا ئەمەس.

— ئۇنداقتا نېمەمگە ھەۋەس قىلىسىلەر؟

— كاتىپىڭىزغا.

## 125. تەكەللۇپ قىلىدىغان ئات

— تونۇگۈن ئاتنى قانداقراق مىندىڭ؟

— يامان ئەمەس. لېكىن ئۇ ئات بەكمۇ تەكەللۇپ قىلىدىغان ئات ئىكەن.

— تەكەللۇپ قىلىدىكەن دەمسىنا؟

— شۇنداق، بىر قاشا ئالدىغا كەلگەندە، ئاۋۋال مېنى قاشانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتتى!



www.uyghurkitap.com

## 126 . قىلچە ھودۇقماسلىق

بىر كۈنى، بىر كىچىك مېھمانخانىغا ئوت كېتىپتۇ، مېھمانلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، پاتپاراق بولۇپ قېچىپ چىقىپتۇ. بىر مېھمان ھەممىنىڭ ئاخىرىدا لاغايلاپ دەسسەپ چىقىپ كەپتۇ.

— نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىسىلەر؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى، — مانا ماڭا قاراڭلار، ئوت كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم، ئاندىن كېيىن ئالدىرىماي ـ تىنىمەي كىيىملىرىمنى كىيدىم. گالستۇكۇمنى تاقاپ بولغاندىن كېيىن قارىسام، كىيىملىرىمنىڭ رەڭگى بىلەن ماسلاشماي قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يېشىپ ئېلىۋېتىپ، باشقا بىر گالستۇك تاقىدىم. . . مەن قىلچىلىكمۇ ھودۇقمىدىم جۇمۇ!

— بىراق، — دەپتۇ ئارىدىن بىر كىشى، — ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىشتان كىيمەي چىقتىڭىز؟

## 127 . بۈگۈن ئاخشام زۆكتۈك كەلمەيدۇ

بىر مۆتىۋەر مەشھۇر بىر سەيلىگاھدىكى مېھمانخانىدىن بىر ئۆي ئالماقچى بولغانىكەن، خىزمەتچى بالدۇر تىزىملىتىپ قويماپسىز دېگەننى باھانە قىلىپ، ”بىكار ئۆي قالمىدى، ئورۇنلاشتۇرالمايمىز“ دەپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.

مۆتىۋەر تەن بەرگۈسى كەلمەي:

— ناۋادا بۈگۈن ئاخشام زۆكتۈك كېلىپ قالسا ئۇنىڭغۇ بىر ئۆي بېرەرسىلەر؟— دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە.

— بارىكاللا، مەن شەرەپلىك ھالدا سىزگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنـ-كى، بۈگۈن ئاخشام زۇكتۇڭ كەلمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆينى ماڭا بېرىڭ.

## 128. مۇكاپاتقا ئېرىشىش

— مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن! — دەپتۇ بىر ئادەم تېلېفوندا، — سىزنىڭ لاتارىيە بېلىتىڭىز بىر مىليون دوللارلىق كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. خۇشال بولغانسىز؟

— ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن، شۇنداق بولمايچۇ! — دەپتۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى.

— ئالدى بىلەن نېمە ئىش قىلاي دەۋاتىسىز؟

— دوست-يارەنلىرىمگە مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى مەن ئەمەس، دېمەكچىمەن.

## 129. ھورۇن ئاكا-ئۇكىلار

ئاتا-ئانىسى بىر يەرگە كەتكەندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭمۇ، ئۇكىسىنىڭمۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئاكىسى ئۇكىسىغا:

— ئاتا-ئانىمىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېنى ئورۇن تۆتۈپ يېتىپ قالدى، ئاغرىق ئازابىدا كارىۋاتتىن چۈشكۈدەك-مۇ ماغدۇرى قالمىدى دېگىن، — دەپتۇ.

— دادام بىلەن ئانام قايتىپ كەلسە، — دەپتۇ ئۇكىسى

جاۋابەن، — مىنى دوختۇر چاقىرغىلى كەتتى دەپ قوي، ئەمىسە، خەير خوش!

## 130. يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى

ئىككى ساياھەتچى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، بىر يولۋاسقا ئۇچراپ قاپتۇ. بىرەيلەن دەرھال ئۆتۈكىنى سىيلىۋې-تىپ، رېزىنكە ئاياغ ئالماشتۇرۇۋاپتۇ.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ! رېزىنكە ئاياغ ئالماشتۇرساڭمۇ يول-ۋاستىن تېز يۈگۈرەلمەيسەن!

— كىم يولۋاس بىلەن مۇسابىقىلىشمەن دەپتۇ؟ قاچقاندا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتسەملا بولغىنى!

## 131. ئوغۇل بالىنىڭ رەددىيە بېرىشى

ياش بىر ئايال يولدا بىر ئوغۇل بالىنىڭ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپپۇزى بىلەن:

— تاماكا چېكىدىغانلىقىڭنى داداڭ بىلەمدۇ؟ — دەپ سوراپ-تۇ.

— يېرىم يولدا ناتونۇش ئەركەك بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرغىنىڭ-نى ئېرىڭ بىلەمدۇ؟ — دەپتۇ ئوغۇل بالا دەرھال رەددىيە بېرىپ.

## 132. ئەقىللىق پېتىر

پېتىرنىڭ ئانىسى مېھمانلار ئالدىدا ئۇنى ماختاشقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن.

بىر كۈنى بىر مېھمان:
— ئۇ 26 ھەرپنى ئۆگىنىۋالغاندۇ، ھەقىچان؟ — دەپتۇ.
— ھە، ئەلۋەتتە! ئۇنىڭ ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ بېقىڭچۇ!
— A — دەپتۇ پىتىر ئوقۇشنى باشلاپ.
— ھەببەللى! A ھەرپىدىن كېيىن قايسى ھەرپ كېلىدۇ؟
— قالغان ھەممىۋا ھەرپ!

## 133. كەسىپ تاللاش

بىر كىشى ئوغلىنىڭ قانداق كەسىپ تاللىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىسى كېلىپ سوراپتۇ:

— قانداق ئىشنى ياقتۇرىسەن، بالام؟ شۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، ھازىر تاللايدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

— دادا، مېنىڭ ياقتۇرىدىغان ئىشىم ناھايىتى ئاددىي، — دەپتۇ ئوغلى، — كۈن بويى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كوچا ئايلانسام، ھەممە يانچۇقلىرىمنى پۇل بىلەن تومپايتسام دەيمەن.

— ھاياتلىق يولۇڭنى تېپىپ بوپسەن، — دەپتۇ ئۇنىڭ دادىسى، — ئاپتوبۇستا بىلەت ساتقۇچى بولغۇدەكسەن.

## 134. پەۋقۇلئاددە تامغا

ئوقۇتقۇچى: ئىمتىھان قەغىزىڭنى ئاتا-ئاناڭغا كۆرسەتمىدىڭمۇ؟
ئوقۇغۇچى: كۆرسەتتىم.
ئوقۇتقۇچى: ئەمىسە، نېمىشقا ئاتا-ئاناڭنىڭ تامغىسى يوق؟
ئوقۇغۇچى ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۇرۇپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

پۇتىدىكى قامچا ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ دەپتۇ:
— تامغا مانا بۇ يەردە.

## 135. مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىما

دەرستە ئىنتايىن ناچار بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىغا دەپتۇ:
— رەھمەت سىزگە، مۇئەللىم، سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسامۇ، لېكىن يەنىلا مەڭگۈ ئۇستازىم سىز. ناۋادا ئىش-پىشىڭىز چىقىپ قالسا، زادىلا تارتىنماڭ.
— ماقۇل، ماڭا بىر ئىش قىلىپ بەرگىن، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى، — ساڭا ئىنگلىز تىلى ئۆگەتكىنىمنى زادى ھېچكىمگە تىنما.

## 136. زىيان

ئوقۇتقۇچى مۈگدەپ ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىدىن:
— دەرس ئۆتۈۋاتقاندا ئۇخلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يەتتىڭمۇ-يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.
— تونۇپ يەتتىم، كارىۋاتتا ئۇخلىغاندىكىدەك راھەتلەنگىلى بولمايدىكەن.

## 137. ئوخشاش بولمىغان تەقدىر

— تەبىئەت دەرسىدە ئوقۇتقۇچى:

— تۆمۈرنى تالادا قويۇپ قويسا، دائىم ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا داتلىشىپ قالىدۇ. ئەگەر ئالتۇننى تالادا قويۇپ قويسا قانداق بولىدۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

— ئوغرى ئوغرىلاپ كېتىدۇ،—دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىپ.

## 138. كاتىپىمنى كۆتۈۋاتىمەن

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ”ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام“ دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار شۇ ھامان قەلەم تەۋرىتىپ يېزىشقا كىرىشىپتۇ. پەقەت بىرلا ئوقۇغۇچى يازماي ئولتۇرۇپتۇ. ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭدىن ”نېمىشقا يازمايسەن؟“دەپ سورىغانىكەن، ھېلىقى بالا:

— كاتىپىمنى كۈتۈۋاتىمەن،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 139. ئۆردەك

ئوقۇتقۇچى ئاغزى بىسىلماي ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

— ئىككى ئايال 1000 ئۆردەك بىلەن باراۋەر، — دەپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئانىسى مەكتەپكە كەلگەنىكەن، بىر قىز ئوقۇغۇچى دەرھال ئوقۇتقۇچىسىغا:

— مۇئەللىم، تالادا 500 ئۆردەك سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ،—دەپ دوكلات قىلىپتۇ.

## 140. گۈزەل ئەخلاق

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا نېمىنىڭ رەھىمدىللىك ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق مىسال كەلتۈرۈپ، سوراپتۇ:

— لوبېرت، ئاۋادا مەن بىر ئادەمنىڭ بىر ئېشەكنى قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن توسسام، مېنىڭ ئىپادىلىگىنىم قايسى خىلدىكى گۈزەل ئەخلاق بولىدۇ؟

— ئاكا-ئۇكىلارچە مېھىر-مۇھەببەت بولىدۇ، — دەپتۇ لوبېرت.

## 141. پروفېسسورنىڭ ئۆزى دۆت

پروفېسسور: بىر دۆت ئادەمنىڭ سورايدىغان سوئالى 10 ئەقىللىق ئادەم جاۋاب بېرەلەيدىغان سوئالدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئوقۇغۇچى: ئېچىمىزدىن شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن-دە.

## 142. قوراللىق باندىتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدىم

رائىن مەكتەپكە كەلگەندە، دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغىلى خېلى ۋاقىت بولغانىكەن.

— نېمە ئىش بولدى، نېمانچە كېچىكىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم ئۇنىڭدىن.

— مەن قوراللىق باندىتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدىم.

— ۋاي خۇدايىمەي! ئۇ نېمەڭنى بۇلاپ كەتتى؟

— تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى.

## 143. ئەپلىك پۇرسەت

ئوقۇتقۇچى جېكتىن:

— ئېيتقىنا، قانداق چاغدا ئالما ئۈزگەن ئەڭ ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ ھەمدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ

— بېشارەت بېرىشكە روخسەت يوق! — دەپتۇ.

جېك ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— ئالمىنى يامغۇر ياغقاندا ئۈزگەن ئەڭ ياخشى، چۈنكى بۇ چاغدا باغۋەت ئۆيىدىن چىقمايدۇ، ئىتمۇ باغدا تۇرمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 144. ئاددىي سۆز بىلەن چوڭقۇر مەنانى ئىپادىلەش

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ”ھورۇنلۇق دېگەن نېمە؟“ دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى جېكنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى تەكشۈرگەندە، دەپتەرنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بەتلىرىگە بىر خەتمۇ يېزىلمىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۈچىنچى بەتكە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

قارىسا، ”ھورۇنلۇق دېگەن مانا مۇشۇ!“ دېگەن سۆزلەر يېزىلغا-
نىكەن.

## 145. ھەرگىز يول قويماسلىق

ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئوخشاشلا جاھىل-بوينى قاتتىق ئىكەن.
بىر كۈنى ئاتىسى بالىسىنى گۆش ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.
بالىسى قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇدۇلدىن كەلگەن بىر ئادەم بىلەن
دوقورۇشۇپ قاپتۇ، ئۇلار بىر-بىرىگە يول بەرمەستىن، گۆلۈيۈپ
قارىشىپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قاپتۇ. ئوغلى خېلى بىرۋاقلارغىچە
قايتىپ كەلمىگەچكە، دادىسى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ مۇنداق ”قار-
شىلىشىش ھالىتى“نى كۆرۈپ، ئوغلىغا:

— يارايسەن! ئەمدى سەن گۆشنى ئېلىپ كېتىۋەر، ئۆزۈم
ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇرۇشۇپ باقاي، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول
قويمايمىز! ـ دەپتۇ.

## 146. سەنمۇ كەلدىڭمۇ

ئېلىك: تۇنجى قېتىم تۇرمىگە كىرگىنىمدە، ئانام ماڭا دېگەن سۆز
مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدۇ.

ئېلىيا: ئۇ نېمە دېگەنىدى؟

ئېلىك: خەيرلىك سەھەر، ئوغلۇم، سەنمۇ كەلدىڭمۇ؟!

## 147. زورلاپ يەڭ

قەلەندەر: ئەپەندىم، غىزا يېمىگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى.

مۆتىۋەر: ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنداق قىلماي زورلاپ يەڭ!

## 148. جىنايەت سادىر قىلىش قورالى

ساقچى بىر جىنايەتچىنى جىنايەت سادىر قىلىۋاتقان نەق مەيداندىلا تۇتۇۋاپتۇ.

جىنايەتچى:

— مەن گۇناھسىز. چۈنكى مەن باشقىلار پايدىلانغان قورالدىن باشقا نەرسە ئەمەس، قورالدا گۇناھ بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم پىچاق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، گۇناھ پىچاقتا ئەمەس، ئادەمدە.

ساقچى:

— سىز ئۆزىڭىزنى باشقىلار پايدىلىنىپ كەتكەن قورال دېمەكچىمۇسىز؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا مەن بىلەن مېڭىڭ!

— نېمىشقا؟ مەندە گۇناھ يوق!

— ئۇنچىۋالا ھاياجانلانماي كەتمەڭ. قانۇن بويىچە، جىنايەت

سادىر قىلىش قورالى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

## 149. بارماق ئىزى

ساقچى ئەمەلدارى.

— سىلەر تۆت ئادەم تۇرۇپ، بىر جىنايەتچىنىمۇ تۇتالمىدىڭ-لارمۇ؟ ھۇ ھارامتاماقلار!

ساقچىلار:

— بىز ھارامتاماق ئەمەس. جىنايەتچى قېچىپ كەتكەن بولسى-مۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى چۈشۈرۈۋالدۇق.

— نەگە چۈشۈرۈۋالدىڭلار؟

— يۈزىمىزگە.

## 150. ئەرز قىلىش

— ھۆرمەتلىك سودىيە ئەپەندىم، بىر ئادەم مېنى سۇ ئېتىدەك بىرنېمىكەنسەن دەپ تىللىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلسام بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇ سىزنى قاچان تىللىغان؟

— بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنغۇ دەيمەن.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق ئەرز قىلمىدىڭىز؟

— تۈنۈگۈن ئوغلۇمنى ئېلىپ ھايۋانات باغچىسىغا بارغانىدىم، شۇندىلا سۇ ئېتىنىڭ شۇنداق سەت، ئاغزىنىڭ شۇنداق يوغانلىقىنى بىلدىم.

## 151 . كېچە ياكى كۈندۈز دەپ ئايرىماسلىق

ساقچى :

— نېمە ئۈچۈن خەقنىڭ نەرسىسىنى بۇلايسەن؟

بۇلاڭچى :

— بۇ بۇلىغانلىق ئەمەس، ئەپەندىم، مېنىڭ مەسلىھەت-لەشمەيلا ئۇنىڭ نەرسىسىنى ئېلىپ كېتىپ ئىشلىتىپ سالغان يېرىم بار.

— يۈرىكىڭ قاپتەك بار ئىكەن جۇمۇ، قاراپ تۇرۇپ كۈپكۈندۈزدىلا بۇلاپسەن!

— بۇ خىزمەتنى ئىشلەشتە كېچە ياكى كۈندۈز دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايمىز، ئەپەندىم.

## 152 . بىۋاستە تەسىرات

سەككىز ياشقا كىرگەن نېك باللار كىتابچىسىنى كۆر-ستىپ، دادىسىغا:

— دادا، مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم. كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ؟ سۆزلەپ بەرسەڭچۇ، — دەپتۇ.

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، — دەپتۇ دادىسى، — مەسىلەن، ئاناڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆتمىسە...

— بۇنداق ئىش يوق! — دەپتۇ ئانىسى لوقما سېلىپ، — مەن خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئىناق ئۆتۈۋاتىمەن.

— مەن مىسال ئۈچۈن دەۋاتىمەن، — دەپتۇ دادىسى ئۆزىنى ئاقلاپ.

— مىسال ئۈچۈن بولسىمۇ قارىسىغىلا سۆزلەۋەرمەسلىك كې-
رەك-تە! — دەپتۇ ئانىسى ۋارقىراپ.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ سۆزلەپ بەر!

— سىز مەسئۇلىيەتنى ھەمىشە ماڭا ئىتتىرىپ قويىسىز!

— مەن مەسئۇلىيەتنى ئىتتىرمىدىم، ئۆزۈڭ يوق يەردىن پۇتاق
چىقىرىۋاتىسەن...

— بولدى، — دەپتۇ نىك، — مەن چۈشەندىم.

## 153. چوشقا كۈچۈكى

دادىسى: سەن نېمىدېگەن دۆت-ھە، بەئەينى چوشقا كۈچۈكىنىڭ
ئۆزى! چوشقا كۈچۈكىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

بالىسى: بىلىمەن، ئۇ، چوشقىنىڭ بالىسى.

## 154. يىراقنى كۆرەلمەسلىك

— مېنى ئەسكەرلىككە ئالساڭلار بولمايدۇ، يىراقنى كۆ-
رەلمەيمەن!

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، ئەپەندىم، سىزنى ئالدىنقى سەپكە
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىز.

## 155. يارامسىز مەرگەن

بىر يېڭى ئەسكەر 10 نەچچە پاي ئوق ئېتىپ، بىرىنىمۇ
نىشانغا تەككۈزەلمەپتۇ. مەشقاۋۇل ئاچچىقىدا پايلىماي تىللاپ
كېتىپتۇ:

— هوي ناقىپى! مىلتىق ئاتمەن دېگۈچە ئورمانلىققا كىرىپ ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالساڭچۇ!

يېڭى ئەسكەر ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مەشقاۋۇل چۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا ھېلىقى يېڭى ئەسكەر ئورمانلىقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، دىققەتتە تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، دەپتۇ:

— دوكلات مەشقاۋۇل، بۇ بىر پاي ئوقىنىمۇ ئۆزۈمگە تەككۈزەلمەي قالدىم!

## 156. مەخپىي بەلگىلىك تېلېگىراما

— بۇ تېلېگىراما گېنېرالدىن كەپتۇ، — دەپتۇ دوكلات قىلىپ ئالاقىچى ئەسكەر، — سىزنىڭ نامىڭىزغا يوللىنىپتۇ، پولكوۋنىك جاناپلىرى.

— ئوقۇ! — دەپتۇ پولكوۋنىك بۇيرۇق قىلىپ.

ئالاقىچى ئەسكەر تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپتۇ:

— بۇ قېتىمقى ئوقۇشسىزلىق سىزنىڭ دۆتلىكىڭىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىڭىزدىن بولدى!

— بۇ مەخپىي بەلگىلىك تېلېگىراما ئىكەن، — دەپتۇ پولكوۋنىك جىددىي تۇردە يوليورۇق بېرىپ، — دەرھال تەرجىمە قىلىپ چىق!

## 157. تۇنۇگۈن كۆردۈم

سودىيە قاتىللىق قورالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، جاۋابكاردىن

سوراپتۇ:

— سەن بۇ مىلتىقنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمىگەن، ئەپەندىم، — دەپتۇ جاۋابكار جاۋابەن.

سودىيە يەنە بىرقانچە قېتىم سوراپ كۆرگەن بولسىمۇ، جاۋاب-كار يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىيە سوراقنى ئەتىسى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ.

ئەتىسى سودىيە جاۋابكاردىن يەنە سوراپتۇ:

— سەن بۇ مىلتىقنى كۆرگەنمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندىم، مەن كۆرگەن.

— قاچان كۆرگەن؟

— تۈنۈگۈن سوتتا.

## 158. دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكىرى بولۇۋالماسلىقى ئۈچۈن

ئىككى نەپەر فرانسىيىلىك دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكىرى هاراق ئىچىپ كوچىغا چىقىپ تۇرسا، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئىشەك يېتىلىگەن بىر بالا چىقىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىغا چاقچاق قىلماقچى بوپتۇ.

— هەي، — دەپتۇ بىر دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكىرى ھېلىقى بالىغا قاراپ، — ئاكاڭ بىلەن بىللە سەيلە قىلىۋېتىپسەنۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بويىنىنى ئارغامچا بىلەن باغلىۋالدىڭ؟

— ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكىرى بولۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، — دەپتۇ بالا جاۋابەن.

## 159. قەسەم قىلىش

سوت باشلىنىشتىن بۇرۇن سودىيە گۇۋاھچىدىن سوراپتۇ:

— قەسەم قىلغاندىن كېيىن قانداق قىلىشىڭىزنى بىلەمسىز؟

گۇۋاھچى جاۋابەن دەپتۇ:

— بىلىمەن، قەسەم قىلغاندىن كېيىن، دېگىنىم مەيلى راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن، گېپىمدە ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك.

## 160. بۇ يەردە ساقچى يوق

بۇ ۋەقە جىمجىتلىقتا چۆككەن كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، يېرىم كېچىدە يۈز بېرىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، سىزدىن بىر ئىشنى سوراي دېۋىدىم، بۇ يەردە ساقچى بارمۇ؟

— يوق، بۇ يەردە ساقچى يوق.

— ئۇنداقتا يېقىن ئەتراپتىن بىرەر ساقچىنى تېزرەك تاپقىلى بولارمۇ؟

— مېنىڭچە تاپقىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇبدان گەپ ئىكەن، سائىتىڭىز بىلەن پۇلىڭىزنى چىقىرىڭ.

## 161. مال دوختۇرىغا كۆرۈنۈش

— دوختۇر، بىلەمسىزكىن، مەن خوراز چىلىلىغان ھامان



www.uyghurkitap.com

ئورنۇمدىن تۇرىمەن، كالىدەك ئىشلەيمەن، بۆرىدەك يەيمەن، چاشقاندەك ئۇخلايمەن، لېكىن ھەمىشە مىجەزىم يوقلا يۈرىمەن.

دوختۇر ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— مال دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ باقسىڭىز قانداق؟

## 162. سىرتما بىكىتىپ قويۇڭ

دوختۇر ئىقتىدارسىز بولغاچقا، ئۈچ قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپمۇ سامىنىڭ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىقلىيالماپتۇ.

دوختۇر ئۇنى تۆتىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپ، يارا ئېغىزىنى تىكمەكچى بولغاندا، سام دوختۇرغا قاراپ دەپتۇ:

— تىكمەي يۈرمەڭ، دوختۇر، بىر سىرتما بىكىتىپ قويۇڭ، ئىككىلىمىزگە قولايلىق بولىدۇ!

## 163. دۈشمەن بولىمەن

يەسلىدە ئىككى بالا پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

مارىئان: سەن چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟

جىم: ئەسكەر بولىمەن.

مارىئان: ئەسكەر بولۇش ياخشى ئەمەس، ئۆلۈپ كېتىسەن.

جىم: ئۆلۈپ كېتىسەن دېدىڭما؟ كىم مېنى ئۆلتۈرىدۇ؟

مارىئان: دۈشمەن.

جىم: ئۇنداق بولسا مەن دۈشمەن بولىمەن.

## 164. ئون نەچچە زاپچاس كۆپ چىقتى

— دادا، مەن تېلېۋىزورنىڭ ئىچكى قورۇلمىسىنى كۆرۈپ باقاي دەپ، ئۇنى چۇۋۇپ، قايتىدىن قوراشتۇرۇپ قويدۇم.

— خۇدايا شۈكرى، زاپچاسلىرىنى يوقىتىپ قويمىغانسەن؟

— ياق، تېخى 10 نەچچە زاپچاس كۆپ چىقتى!

## 165. ئۆلگۈرەلمەسلىك

توم قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈپ، پۈتۈن ئەزايى لايغا مىلەنگەن هالدا ئۆيگە قايتىپتۇ.

— ۋاي كەپسىز! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئانىسى، — نېمە قىلغىنىڭ بۇ! مۇشۇنداق ياخشى ئىشتان كىيگۈزۈپ قويسىمۇ يىقىلىپ يۈردۈڭمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ئانا، — دەپتۇ توم يىغلامسىراپ، — يىقىلىپ چۈشكەندە ئىشتىنىمنى سېلىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدىم!

## 166. ئېشەكتەك هاڭرايدىغان ناخشىچى

بىر ناخشىچى، مېنىڭ ناخشام بەكمۇ يېقىملىق، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدۇ، ناخشامنى هەتتا چوڭقۇر دېڭىزدىكى مۇكا بېلىق ۋە دېلفىنلارمۇ سۇ يۈزىگە چىقىپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ، دەپ ماختىنىدىكەن.

بىر كۈنى چىركاۋدا مېسسا ئوقۇغاندا، هېلىقى ناخشىچى هەمدۇسانا ئېيتىشقا بەلگىلىنىپتۇ. ئۇ بىر موماينىڭ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭ ناخشامنى ئاڭلاپ تە-



www.uyghurkitap.com

سىرلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناخشىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن سەھنىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، مومايدىن:

— چوڭ ئانا، نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھەسرەتلىنىپ يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ موماي جاۋابەن، — سىز ناخشا ئېيتقان چاغدا، ئېشىكىم يادىمغا كېلىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئېشىكىم يىتىپ كەتكەنىدى، سىزنىڭ ناخشىڭىز ئېشەكىمنىڭ ھاڭرىشى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەن، شۇڭا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلاپ سالدىم. ئاھ خۇدا، ناۋادا مەن ئېشەكىمنى تېپىۋېلىپ، بۇ يەردە ناخشا ئېيتقىلى سالغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

## 167 . پەرق

بىر ئادەم ئاتاغلىق بىر ئەدەبىي ئوبزورچىدىن:

— سىزنىڭچە، 19-ئەسىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق پەرق بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كلاسسىك رومانلاردا، — دەپتۇ ئوبزورچى جاۋابەن، — 150-بەتكە كەلمىگىچە ئادەتتە ئەر پېرسوناژ ئۆز مەشۇقى بىلەن سۆيۈشمىدىغان ئەھۋال ئۇچرىمايتتى. ھازىرقى زامان رومانلىرىدا بولسا 2-بەتنى ئېچىشىڭىزغىلا ئۇنىڭ ھارامدىن بالا تېپىپ قويغانلىقىنى كۆرىسىز…

www.uyghurkitap.com

## 168 . شېكسپىر

تەكلىپكە بىنائەن بىر سودىگەر ئاغىنىسى بىلەن بىللە بىر پروفېسسورنىڭ ئۆيىگە كەچلىك زىياپەتكە بېرىپتۇ. زىياپەتتە بىر مېھمان ئۇنىڭدىن:

– شېكسپىرنى[1] ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ ئۇ جاۋابەن، — لېكىن ۋىسكىنى[2] بەكرەك ياخشى كۆرىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ.

قايتىقاندا، ئۇنىڭ ئاغىنىسى:

— ئەجەپمۇ دۆت بىر نېمىكەنسەنغۇ! — دەپتۇ ئۇنى ئەيىبلەپ، — ۋىسكىنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، شېكسپىر هاراق ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئىرىمچىك.

## 169 . ئىنەك سىزنىڭغۇ

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى بىر سەتەڭنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر بۇقىنىڭ بىر ئىنەككە ھە دەپ چېپىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ھېلقى سەتەڭنىڭ بىلىنى چىڭ قىسىپ، كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ:

---

① شېكسپىر — ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى — تەرجىماندىن.

② ۋىسكى — بىر خىل هاراق — تەرجىماندىن.

ـ ئومىقىم، مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ،
دەپتۇ.
— ھە، ئەمىسە نېمىشقا قاراپ تۇرىسىز؟ — دەپتۇ ھېلىقى
خېنىم جاۋابەن، — ئىنەك ئۆزىڭىزنىڭغۇ!

## 170. خۇش خەۋەر ۋە شۇم خەۋەر

كاتىپ قىز: خوجايىن، مەن سىزگە بىر خۇش خەۋەر ۋە بىر شۇم
خەۋەر يەتكۈزمەكچىمەن.
خوجايىن: ئاۋۋال خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈڭ.
كاتىپ قىز: سىزنىڭ ھېلىمۇ بالا تېپىش ئىقتىدارىڭىز بار ئىكەن.
خوجايىن: ئۇنداق بولسا شۇم خەۋەرچۇ؟
كاتىپ قىز: پۈتۈن شىركەتتىكىلەر بالا سىزنىڭ ئىكەنلىكىنى بى-
لىپ كەتتى!

## 171. سۆيۈشنى قايتۇرۇش

كاتىپ قىز: ئەپەندىم، رەپىقىڭىز تېلېفوندا سىزنى سۆيۈپ قوياي
دەيدۇ.
خوجايىن: ئاۋۋال سىز تاپشۇرۇۋېلىڭ، ئاندىن كېيىن ماڭا قايتۇ-
رۇپ بېرىڭ.

## 172. ئەپچىل چارە

كارل بىر ئىنەكنى بازارغا ئاپىرىپ، يېرىم كۈن ئولتۇرۇپمۇ
ساتالماپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بىر ئاغىنىسى ئۇنى كۆرۈپ:

— ئىنىكىڭنى تېخىچە ساتالمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بازارغا ئەتىگەندىلا كەلگەن، — دەپتۇ كارل جاۋابەن، — بۇ ئىنەكنى شۇنچە ماختىساممۇ، هازىرغىچە ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى.

— ئىنەكنى يېتىلەپ ئارقامدىن ماڭ، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — مېنىڭ ئەپچىل چارەم بار.

كارل ئىنەكنى يېتىلەپ ئاغىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ، ئۇنىڭ ئاغىنىسى ماڭغاچ، ئادەملەرگە قاراپ:

— ياش، بىجىرىم بۇ ئىنەكنى كىم ئالىدۇ؟ بۇنىڭ بوغاز بولغىنىغا ئالتە ئاي بولدى، ئىنەكنى كىم ئالسا قورسىقىدىكى موزايىنى بىكارغا بېرىۋېتىمىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

هەممەيلەن ئىنەكنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ، هەش-پەش دېگۈچە ئاردىن بىر كىشى ئىنەكنى يۇقىرى باهادا سېتىۋاپتۇ.

كارل ئاغىنىسىگە رەهمەت ئېيتىپ، پۇلنى چۆنتەككە سېلىپ، خۇشال هالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ، دەل شۇ چاغدا بىرمۇنچە ئاياللار ئۇنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى قىزىنى بالدۇرراق ياتلىق قىلىۋېلىش ئۈمىدىدە، ئەلچىلەرگە قىزىنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىنى تونۇشتۇرۇۋاتقانىكەن.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپتۇ كارل خوتۇنىغا، — مەن بازىرى كاسات مالنى بازىرى ئىتتىك قىلالايدىغان بىر يېڭى چارە تاپتىم. بۇ چارە قىزىمىزغىمۇ باب كېلىدۇ، ئۇ چاغدا لايىقلار دېگەن ئېشىكىمىزگە سىغماي قالىدۇ.

ئايال ساھىبخان كېيىنكى قېتىم ئەلچىلىككە كەلگەن ئايالللار-
نى ئۆيىگە باشلاپتۇ، كارل ئۆيگە كىرىپ، ئەلچىلەرگە قاراپ
دەپتۇ:

— خانىملار، مېنىڭمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلغۇم يوق. قىسقى-
سى، قىزىم ياش ۋە بىجىرىم، ئۇنىڭ ھاملدار بولغىنىغا ئالتە
ئاي بولدى، قىزىمىزنى كىم ئەمرىگە ئالسا، قورسىقىدىكى بالىسى-
نىمۇ قوشۇپ بېرىۋېتىمىز، قېنى كىم . . .

ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشماستىنلا، ئەلچىلەر ئالدى-كەينى-
گە قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## 173. تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش

سېستىرا: ۋەي، پروفېسسورمۇسىز؟ مەن بىر خۇش خەۋەر يەتكۈ-
زەي، سىز تېخى ھېلىلا بىر بالىغا ئاتا بوپ قالدىڭىز!

پروفېسسور:

— ھە، شۇنداقمۇ! سىز بۇ خەۋەرنى خوتۇنۇمغا ئېيتماي تۇ-
رۇڭ، ئۇنى ئۆزۈم تازا بىر ھەيران قالدۇرۇۋېتەي!

## 174. ئاجرىشىش سەۋەبى

ئادۋوكاتنىڭ ئىشخانىسىغا بىر ئايال كىرىپ كەپتۇ-دە ئېرى-
دىن ئاجرىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىسىز؟ —دەپ سوراپتۇ ئادۋوكات.

— ئېرىم ۋاپاسىز چىقىپ قالدى، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال
جاۋابەن.

— بۇنىڭغا دەلىل-ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟
— مېنىڭچە ئۇ بالامنىڭ دادىسى ئەمەس.

## 175. كەچۈرۈم سوراش

بىر ئايال ئېرىم مېنى تاشلىۋەتتى دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بۇ ئايالنىڭ بىر ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان 14 بالىسى بار ئىكەن.

— ئېرىڭىز سىزنى قاچان تاشلىۋەتكەن؟ — دەپ سوراپتۇ سودىيە.

— بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى.

— ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى سىزدىن ئايرىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ بالىلار كىمنىڭ بالىلىرى؟

— ئۇ ھەمىشە قايتىپ كېلىپ مەندىن كەچۈرۈم سوراپ تۇرىدۇ.

## 176. ھاراقنى ئىچىۋېتىپ ساھىبجامالنى قۇتقۇزۇش

بىر ئايالنىڭ ئېرى ھاراق ئىچكەندە، ھەمىشە رومكىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا قۇرۇغداپ قويىدىكەن، خوتۇنى بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ، ساھىبجامال رومكىسىدىن بىرنى سېتىۋاپتۇ. رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيسا، رومكا تېگىدە بىر ساھىبجامال پەيدا بولىدىكەن. خوتۇنى ئېرىگە:

— رومكىدىكى هاراقنى بەك ئالدىراپ قۇرۇغىدىۋەتمەڭ، بولمىسا ساھىبجامالنى كۆرەلمەي قالىسىز، — دەپتۇ.

— ساھىبجامالنىڭ هاراقا چىلىشىپ تۇرۇشىنى كۆڭلۇم كۆتۈرمەيدىكەن! — دەپتۇ ئېرى.

## 177. بىزنىڭ دەڭ

يېڭى توي قىلغان قىز يىگىتكە قاراپ:

بۇندىن كېيىن "مېنىڭ" دېگەن گەپنى تاشلاپ، "بىزنىڭ" دەيلى، — دەپتۇ.

يىگىت يۇيۇنغىلى كىرىپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە چىقماپتۇ. قىز ئۇنىڭدىن:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سۆيۈملۈكۈم، بىزنىڭ ساقىلىمىزنى ئېلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

## 178. باھانە دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ

كوندەشلىكى يامان بىر ئايال ھەركۈنى كەچتە ئېرىنى سوئال-سوراقا تارتىپ تۇرىدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭ چاپىنىدىن بىرەر تال چاچنى تېپىۋالسىمۇ گۇمان قىلىپ، كوندەشلىكى قاتتىق تۇتۇپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى كەچتە ئۇ ھېچنېمە تاپالماي، غەزەپلىنىپ ۋە ھەسرەتلىنىپ كېتىپتۇ:

— ھەببەللى، ئەمدىزە تاز خوتۇنلارمۇ قالماپتۇ-دە!

## 179. سەۋەب

خوتۇنى: سىز ئىلگىرى ماڭا ھەر كۈنى بىر دەستە ئەتىرگۈل تەقدىم قىلاتتىڭىز، ئەمدى نېمىشقا بىر تال بولسىمۇ تەقدىم قىلمايسىز؟

ئېرى: ئېيتقىنا، بېلىقچى بېلىقنى قارماققا ئىلىندۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭغا داۋاملىق يەمچۈك تاشلاۋېرەمدۇ؟

## 180. ئۆيلىنىشتە بىلىۋالىدىغان ئىش

ياش پادىشاھ ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— مەن 14 يېشىمدىلا بىر دۆلەتنى ئىدارە قىلسام بولىدىكەنۇ، نېمە ئۈچۈن 18 ياشقا كىرسەممۇ پۇقرالىرىم مېنى ئۆيلەنگىلى قويمايدۇ؟

— چۈنكى خوتۇننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىر دۆلەتنى باشقۇرماقتىن تەس، پادىشاھىم.

## 181. ئۆز ئۆيىڭىزگە ئوخشاش

بىر ئەر خوتۇنىنىڭ كۆكەمىلىك قىلىپ سالغان زۇلۇم-ئازابلىرىغا چىدىيالماي، ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، مېھمانخانىغا كەپتۇ. مېھمانخانا خوجايىنى بىر ئۆينى ئېچىپ بېرىپ، خۇشامەتكويلۇق بىلەن:

— مۇشۇ ئۆيدە قونسىڭىز خۇددى ئۆز ئۆيىڭىزدە قونغاندەكلا بولىسىز، — دەپتۇ.

بۇ ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، ماڭا تېزرەك باشقا ئۆي ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ! —دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

## 182 . سۆيۈشۈپ خوشلىشىش

بىر ئايال كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرۇشلۇق يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇنغا قاراپ، خاپا بولغان هالدا ئېرىگە دەپتۇ:

— قارىڭا، جېك ئەپەندى خوتۇنىغا ئەجەپمۇ كۆيىدىكەن. ئۇ هەركۈنى ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن خوتۇنى بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلىشىدىكەن. سىز نېمىشقا شۇنداق قىلالمايسىز؟

— ئۇلار يېڭى كۆچۈپ كەلدى ئەمەسمۇ، مەن جېك خانىم بىلەن تېخى تونۇشقۇدەك بولمىدىم! —دەپتۇ ئېرى جاۋابەن.

## 183 . تۇنجى ئەسەر

— ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، بىر مەزگىل قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق يازغان تۇنجى مەشق ئەسىرىمنى گېزىتخانا ئېلان قىلىدىغان بوپتۇ.

— مۇبارەك بولسۇن! قانداق ماقالە ئىدى ئۇ؟

— لايىق تېپىش ئېلانى.

www.uyghurkitap.com

## 184. جازالاش

نەپالنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر سودىگەر ئىككى خوتۇن ئاپتۇ. بۇ ئىككى خوتۇن كۈن بويى ئۇرۇش-جېدەل قىلىپ، ئېرىگە زادىلا ئارام بەرمەپتۇ.

بىر كۈنى بىر ئوغرى سودىگەرنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا كىرگەندە تۇتۇلۇپ قاپتۇ. سودىگەر ئوغرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئوغرى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇتۇلغاندىكىن، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇنى قانداق جازالاش توغرىسىدا ئۆزىڭىز بىر چارە كۆرسىتىڭ.

— ئۇنىڭغىمۇ ئىككى خوتۇن ئالغۇزايلى! — دەپتۇ سودىگەر كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا.

## 185. ئىجارىگە ئالغان ئۆي

جۇدۇن-چاپقۇنلۇق بىر كېچىسى خوتۇنى ئېرىدىنى تۇرتۇپ ئويغىتىپتۇ:

— ئۇرنىڭىزدىن تۇرۇڭ دەيمەن، ئۆي تەۋرەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىلىدۇ!

— نېمىگە ھودۇقۇسەن؟ خاتىرجەم ئۇخلاۋەرگىنە، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ، بۇ دېگەن ئىجارىگە ئالغان ئۆي! — ئېرى شۇ گەپلەرنى دەپتۇ-دە، يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

## 186. ئالدىراڭغۇلۇق

جىم بەكمۇ ئالدىراڭغۇ ئىكەن، بىر كۈنى شەھەرگە بېرىپ،

بىر ئاشپوزۇلنىڭ ئىشكىدىن كىرە-كىرمەيلا:
— نېمە ئۇچۇن تېخىچە ئالدىمغا بىر چىنە سۇيۇقئاش كەلتۈرمەيسىلەر؟ — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.
ئاشپوزۇل خوجايىنى بىر چىنە سۇيۇقئاشنى ئېلىپ كېلىپ، شىرە ئۈستىگە تۆكۈپتۇ-دە:
— تېزرەك ئىچىڭ، مەن چىنىدىنى يۇيۇۋەتمىسەم بولمايدۇ! — دەپتۇ.
جىم ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنىغا:
— ئاچچىقىمدا ئۆلگىلى تاس قالدىم! — دەپتۇ.
خوتۇنى دەرھال كۆدە-كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ:
سىز ئۆلىدىغان بولسىڭىز، مەن باشقا ئەرگە تېگىۋالاي! — دەپتۇ.
ئۇ باشقا ئەرگە تەگكەن كۈننىڭ ئەتىسى كېيىنكى ئېرى ئۇنى قويۇۋېتمەكچى بوپتۇ. ئۇ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، كېيىنكى ئېرى:
— ئەمىسە، نېمىشقا تېخىچە تۇغۇپ بەرمەيسەن؟ — دەپتۇ.

## 187. ئېسىدە تۇتالماسلىق

— مەن سىزنى سۆيىمەن، ماڭا تەگسىڭىز قانداق؟
— تەلىپىڭىزنى تۈنۈگۈن رەت قىلغانتىمغۇ!
— تۈنۈگۈنكىسىمۇ سىزمىدىڭىز؟

## 188. ئەپسۇسكى، يالغىنى يوق-تە!

خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئېرى چاقناپ تۇرغان بىر گۆھەرنى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا خوتۇنىغا تەقدىم قىلىپتۇ.

بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا:

— قاراڭ، رەپىقىڭىزنىڭ خوش بولۇپ كەتكىنىنى! ناۋادا ئۇنىڭغا بىنىس ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى سوۋغا قىلغان بولسىڭىز تېخىمۇ ئەسقاتماسمىدى؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى ئەر قولىنى كىرىپ قويۇپ دەپتۇ:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئەپسۇسكى، ئۇنداق پىكاپنىڭ ھازىرغىچە يالغىنى يوق-تە!

## 189. ئېرىم ئۆيدە

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر ئادەم ئۆيگە كىرىپلا خوتۇنىغا:

— مەيلى كىمدىن تېلېفون كېلىپ مېنى ئىزدىسە، ھەممىسىگە مېنى ئۆيدە يوق دەۋەرگىن، — دەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن تېلېفون جىرىڭلاپتۇ، خوتۇنى تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھە، شۇنداق...... ئېرىم ئۆيدە، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم كارىۋاتتىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، خاپا بولغان ھالدا دەپتۇ:

— مەن ساڭا دېمىدىممۇ، مېنى...

— ھاياجانلىنىپ كەتمەڭ، سۆيۈملۈكۈم، — دەپتۇ ئۇنىڭ

خوتۇنى، —تېلېفۇن بەرگۈچى سىزنى ئىزدىمەيدىكەن.

## 190. قورقۇش

بىر ئادەم خوتۇنىدىن بەكمۇ قورقىدىكەنۇ، لېكىن بۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاغىنىسىگە:

— ھەي قارا، ئىشىنەمسەن-يوق، تۈنۈگۈن ئاخشام خوتۇنۇم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ماڭا يېلىندى، — دەپتۇ.

ئاغىنىسى بۇ گەپكە ئىشەنمەي، كوچىلاپ سورىغانىكەن، ئۇ تەستە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— خوتۇنۇم كارىۋىتىم ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ كارىۋات ئاستىغا قاراپ: ”سەن زادى كارىۋات ئاستىدىن چىقامسەن-يوق؟“ دەپ يېلىندى.

## 191. پەرەز قىلىش

ھاۋار قەدىناس دوستى يوھاغا قاراپ دەپتۇ:

— تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، خوتۇنۇڭ ئۈچ قېتىم قوشكېزەك تۇغدى دەپ ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

— بۇنىڭغا نېمە ئامالىم بولسۇن؟— دەپتۇ يوھا، —ئۇ ھەرقېتىم ھامىلدار بولۇپ قالغىنىدا ”ئۈچ چەۋەنداز“ دېگەن رومانىنى ئوقۇيدۇ.

ھاۋار بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. يوھا ئۇنىڭدىن:

— نېمىگە يۈگۈرەيسەن؟— دەپ سورىغانىكەن، ھاۋار:

— مېنىڭ خوتۇنۇممۇ ھامىلدار بولۇپ قالغان، ئۇ ھازىر "ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى" دېگەن چۆچەكنى كۆرۈۋاتاتتى، دەرھال ئۆيۈمگە بارمىسام بولمىدى، — دەپتۇ.

## 192. ھىجران

بىر مۆتىۋەر زات بىلەن نازىنىن بىر ئايال پويىز دېرىزىسى ئالدىدا خوشلىشىپتۇ. پويىز قوزغالغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى-نىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. مۆتىۋەر زاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر موماي يۇقىرىقى ئەھۋالنى كۆرۈپ، تېخىچە يېشى قۇرىمىغان مۆتىۋەر زاتقا قاراپ دەپتۇ:

— مەن بۇنى چۈشىنىمەن. ئۆزى سۆيگەن خوتۇندىن ھەتتا بىرەر مىنۇت ئايرىلىشقىمۇ يۈرەك چىدىماي...

— شۇنداق، مانا مەن شۇ تاپتا خوتۇنۇمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن.

## 193. ئازادە ئولتۇرۇڭ

ئەر: تاماكا چەكسەم بولامدۇ؟

ئايال: ئۆز ئۆيىڭىزگە ئوخشاش ئازادە ئولتۇرۇڭ!

ئەر: ئۇنداقتا چەكمىسەم بولىدىكەن-دە!

## 194. مىڭ قېتىم سۆيۈش

كونىن ئەپەندى توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا سودا ئىشلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، مېڭىش ئالدىدا خوتۇن-

غا: ھەرھەپتىدە تۇرمۇش راسخوتىمىزنى ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرىمەن، دەپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كونىن خانىم ئېرىدىن بىر تىيىنمۇ تاپشۇرۇپ ئالالماي ئېرىگە: "پۇلنى تېزرەك ئەۋەتىڭ، ئۆي ئىگىسى ئۆي ئىجارىسىنى سوراپ كېتىۋاتىدۇ" دەپ تېلېگراممىا يوللاپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن كونىن خانىم ئېرىدىن: "پۇلنى يېقىندا ئەۋەتىمەن، ئىشقىڭىزدا كۆيىمەن، سىزنى مىڭ قېتىم سۆيىمەن" دېگەن مەزمۇندىكى بىر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كونىن ئەپەندى يەنىلا پۇل ئەۋەتمەپتۇ، لېكىن خوتۇنىدىن مۇنداق مەزمۇندىكى بىر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ:

"سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز ماڭا ئەۋەتكەن مىڭ قېتىملىق سۆيۈشنى ئۆي ئىگىسىگە تەقدىم قىلىۋىدىم، ئۇ ئۆي ئىجارىسىنى تاپشۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېدى."

## 195 . ئىمزاسىز مۇھەببەت خېتى

— خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشتە ئۇنىڭغا قانداق سوۋغات تەقدىم قىلسام ياخشى بولار، بۇ سوۋغات ئانچە قىممەت بولمىسىمۇ، ئۇنى خۇشال قىلىۋېتەلەيدىغان بولسىلا بولاتتى.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭغا بىر پارچە ئىمزاسىز مۇھەببەت خېتى يېزىۋېتىڭ...

www.uyghurkitap.com

## 196 . باغاق ئارقىلىق خەۋەرلەندۈرۈش

ئەر-خوتۇن ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن بىر-بىرىگە قارىماس بولۇۋاپتۇ؛ ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا ئېرى خوتۇنىغا بىر باغاق سونۇپتۇ، باغاقتا: ”ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە مېنى ئويغىتىپ قوي“ دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن.

ئېرى ئەتىسى سائەت توققۇز يېرىمدا ئويغىنىپتۇ، ئۇ ئالدىراپ كىيىملىرىنى كېيىپ بولۇپ قارىسا، كارىۋات يېنىدىكى تومپۇچكىدا بىر باغاق تۇرغۇدەك، باغاقتا: ”سائەت يەتتە بولدى، تېزراق ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!“ دەپ يېزىلغانىكەن.

## 197 . بالدۇر ماختاپ سېلىش

خوتۇنى:

— مەن بۇ كۈچۈككە بايرون دەپ[①] ئىسىم قويماقچى بولۇۋېدىم، بۇنداق قىلساڭ شائىرغا ھاقارەت قىلغانلىق بولىدۇ دەپ، ئانام ئۇنىمىدى، كېيىن مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى قويماقچى بولۇۋېدىم، ئانام يەنە بۇنداق قىلساڭمۇ ياخشى بولمايدۇ، دېدى.

ئېرى:

— ئانىڭىز ئەجەبمۇ ياخشى ئىكەن-ھە.

خوتۇنى:

---

① بايرون — ئەنگلىيىنىڭ داڭلىق شائىرى — تەرجىماندىن

— ئانام بۇنداق قىلساڭ، كۆچۈكنى ھاقارەتلىگەن بولۇسەن، دېدى.

## 198 . كىمنىڭ ئىشى

دېھقان ئەر-خوتۇن پاراڭغا چۈشۈپتۇ:

خوتۇنى: ھوي دادىسى، سىنشىرنىڭ كۆزى يورۇپتۇ!

ئېرى: بۇ ئۇنىڭ ئىشى.

خوتۇنى: ھوي دادىسى، ئۇ، تۇغۇلغان بالىنى سىزنىڭ دەيدۇ.

ئېرى: بۇ مېنىڭ ئىشىم.

خوتۇنى: بىراق، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟

ئېرى: بۇ سېنىڭ ئىشىڭ.

## 199 . ئېشەكنى يىتتۇرۇپ قويۇش ئامەت

بوش بىر ئېشەكنى يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ-يۇ، لېكىن ئۇنى ئىزدەپمۇ يۈرمەپتۇ، ئەكسىچە: ”خۇدايا شۈكرى! خۇدايا شۈكرى! . . .“ دەۋېرىپتۇ.

خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىچاڭشىپ كېتىپتۇ:

— ھوي قاپاقباش، ئېشەكنى يىتتۇرۇپ قويۇپ، شۈكرى دەپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟!

— سەنمۇ خۇداغا شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ، -دەپتۇ ئۇ، -خۇدا بىر ساقلىدى، ھېلىمۇ ياخشى، ئېشەك يىتكەن چاغدا ئۇنى مىنمىگەن ئىكەنمەن، بولمىسا سەن تۇل قالاتتىڭ.

## 200. تۆغۇلغان كۆندىكى غەمخورلۇق

گورچا خوتۇننىڭ ئۆي ئىشلىرىدا زادىلا قارىشىپ بەرمەيدىكەن.

ئۇ، خوتۇننىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەندە، تۇيۇقسىز ھاياجانلىنىپ كېتىپ، خوتۇنغا:

— بۈگۈن قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ يۈرمىگىن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ خوتۇنى قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا:

— ھەجەپ ئوبدان بولدى، ياردىمىڭگە رەھمەت! — دەپتۇ.

— قويۇپ تۇرۇپ ئەتە يۇيۇۋالارسەن، — دەپتۇ ئېرى جاۋابەن.

## 201. ئۆچ ئېلىش

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەرەب ئايال ئېرىدىن بىر شاپىلاق يەپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېلىپ، دادىسىدىغا ئەرز-شىكايەت قىلىپتۇ:

— دادا، ئېرىمنىڭ مېنى ئۇرۇشى سىزنى ھاقارەتلىگەنلىك، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالمىساڭ بولمايدۇ.

— ئېرىڭ يۈزۈڭنىڭ قايسى تەرىپىگە ئۇردى؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى.

— سول تەرىپىگە.

دادىسى قىزىنىڭ يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاتتىق بىر شاپىلاق سېلىپ، دەپتۇ:

— ئەمدىغۇ رازى بولغانسەن. بېرىپ ئېرىڭگە دە، ئۇ مېنىڭ قىزىمنى ئۇرۇپ مېنى ھاقارەتلەيدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ خو-

تۇنىنى ئۇرۇپ ئۆچ ئالىمەن.

## 202. يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى

ئەر-خوتۇن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. خوتۇنى غەزەپلەنگەن هالدا:

— هەي ئىسىت، ئەمدى پۇشايماندا قاچا يوق، بالدۇرراق مۇشۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام، ساڭا تەگكىچە ئالۋاستىغا تەگمەسمىدىم؟! — دەپتۇ.

— بۇ مۇمكىن بولمايتتى، — دەپتۇ ئېرى رەددىيە بېرىپ، — يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇنى بىلمەمسەن؟

## 203. باش ئاغرىش

بىر ئايال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ:

— بېشىم ئاغرىيدۇ، — دېگەنىكەن، دوختۇر ئۇنىڭغا

— ئەرگە تېگىڭ! — دەپ مەسلىهەت بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دوختۇر تۇيۇقسىز بۇ ئايالغا ئۇچراپ قاپتۇ.

— هە، قانداق، ئەرگە تەگدىڭىزمۇ؟

— رەهمەت، تەگدىم.

— بېشىڭىز هازىرمۇ ئاغرىمدۇ؟

— ياق، ئاغرىمايدۇ، لېكىن ئېرىمنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 204. ئىغىز ئىچىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق

بىر كۈنى موردۈن خوتۇنىغا تۇيۇقسىز:

— مارى، بالىلىرىمىز ئىچىدە ۋىل مېنىڭ بالام ئەمەستەك قىلىدۇ جۇمۇ! — دەپتۇ.

— كەلسە-كەلمەس گۇمانلىرىڭىزنى نېمە-سى؟ — دەپ ئاچچىغلاپ كېتىپتۇ مارى، — پەقەت شۇ بالىلا سىزنىڭ تۇرسا!

## 205. سىز كىم

مارك توي قىلىش تەلىپىنى مەشۇقىغا يۈزتۇرانە دېيىشكە پېتىنالماي، تېلېفون بىرىپ چېكىپ باقماقچى بولۇپتۇ.

— ژېنىنى، مەن بەش مىليون دوللارلىق مىراسقا، بىر داچىغا، بىر پىكاپقا ۋە يەنە بىر سەيلە كېمىسىگە ئىگە بولدۇم، ماڭا تېگەمسىز؟

— ئەلۋەتتە تېگىمەن، سىز كىم؟

## 206. تېز ئىنكاس قايتۇرۇش

ماشا ئاشخانىدا ئېرىنى تىللاپ كېتىپتۇ، ئاخىرىدا چىرقىراق ئاۋاز بىلەن:

— دۇنيادىكى بارلىق شەرمەندە ئادەملەر ئىچىدە ھەممىدىن رەزىلى سەن! — دەپتۇ.

ئاشخانىدىكى ھەممەيلەن چۆچــىــگەن ھالــدا ئۇلارغا قاراپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى بۇنى سەزگەندىن كــېيــىــن، دەرھال ئاۋازىــنــى يوقىــرى كۆتۈرۈپ، دەپتۇ:

— ناھايىتى جايىدا تىللاپسەن، سۆيۈملۈكۈم! ئۇنى يەنە نېمە دەپ تىللىدىڭ؟

## 207. يېقىن ۋە يىراق

بىر ئادەم ئاقىلدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئەڭ يېقىن؟

— ئۆلۈم!

— نېمە ئەڭ يىراق؟

— ئۈمىد!

## 208. قىبلىنامە

— خەققە كۆپرەك بەر، خەقنىڭكىنى ئازراق ئال، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچــىــلارنىــڭ بۇ قىبلىنامە- ــىــنــى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىپ.

— توغرا، مۇئەللىم، مــېــنــىــڭ دادامــمــۇ دەل شۇنداق دېگەن، — دەپتۇ بىر ئوغۇل بالا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

— شۇنداقمۇ، داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— مۇشتلىشىش تەنھەرىكەتچــىــســى! —دەپتۇ ھــېــلــىــقى بالا جاۋابەن.

## 209. كومېدىيىنىڭ تراگېدىيىگە ئۆزگىرىشى

ئوقۇتقۇچى: تراگېدىيە بىلەن كومېدىيىنىڭ قانداق پەرقى بار، چۈشەندۈرۈپ باققىنا.

ئوقۇغۇچى: كومېدىيىنىڭ بىلەتىنى سېتىۋالغىلى ئادەم چىقمىغاندا، كومېدىيە تراگېدىيىگە ئۆزگىرىدۇ.

## 210. ئىككى دۆت ئېشەك

بىر ئادەم ئوغلىنى مەكتەپتە ئوقۇتماقچى بولغانىكەن، ئوقۇتقۇچى:

— ئوقۇتۇش راسخوتى ئۈچۈن 20 فرانك تاپشۇرسىڭىزلا بالىڭىزنى قوبۇل قىلىمىز، — دەپتۇ.

— نېمە، 20 فرانك دەمسىز؟ شۇنچە كۆپ پۇل تاپشۇرمەنمۇ! بۇ پۇلغا مەن بىر ئېشەك سېتىۋالالايمەن.

ئوقۇتقۇچى جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— سىز بالىڭىزنى ئوقۇغىلى قويماي، بۇ 20 فرانككا راستىنلا بىر ئېشەك سېتىۋالىدىغان بولسىڭىز، كەلگۈسىدە ئۆيىڭىزدە ئىككى دۆت ئېشەك پەيدا بولىدۇ.

## 211. ئالتۇن ئىزدەش

— سىز ماڭا جەزمەن ئالتۇن تاپقىلى بولىدىغان بىر جاينى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

— ئۇ قەيەردە؟

— لۇغەتتە.

## 212. رەسسام بىلەن تەنقىدچى

بىر رەسسام قەھۋەخانىدا مەشھۇر بىر تەنقىدچىگە ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ تەنقىدچى ئۇنىڭ يېقىندا سىزغان بىر رەسىمىنى تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايلا تەنقىدلىگەنىكەن.

— رەسىمگە ئادىل باھا بېرىش ئۇچۇن تەنقىدچىنىڭ ئۆزى جەزمەن رەسىم سىزىشنى بىلىدىغان بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ رەسسام تەنقىدچىگە.

— ۋاي سۆيۈملۈك سەنئەتكارىم، — دەپتۇ تەنقىدچى جاۋابەن، — مەن دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بۇيان تۇخۇم تۇغۇپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن تۇخۇم قورۇمىسىنىڭ تەمى قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەرقانداق مېكيانىدىن ئوبدان بىلىمەن.

## 213. ئاخبارات دېگەن نېمە

بىر ئادەم مۇخبىردىن:

—ئاخبارات دېگەن نېمە؟—دەپ سوراپتۇ.

— ئاخبارات دېگەن مۇنداق، — دەپتۇ موخبىر جاۋابەن، — بىر ئىت بىر ئادەمنى چىشلىۋالسا، بۇ، ئاخبارات بولالمايدۇ. بىراق بىر ئادەم بىر ئىتنى چىشلىۋالسا، مانا شۇنىڭ ئۆزى ئاخبا-

رات.

## 214. ۋىجدان ئەڭ ئادىل

بىر ئادەم پەيلاسوپتىن:

— دۇنيادا ئەڭ ئادىل تەقسىم قىلىنغان نەرسە نىمە؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— ۋىجدان.

— نىمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى ھېچكىم ئۆزىدىن ۋىجدانسىزمەن دەپ ئاغرىنىپ باققان ئەمەس.

## 215. ئۇنىڭ بىلەن ئوينىما

بىر ئايال ئوغلىغا:

— ۋىكتور ياخشى بالا ئەمەس. سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىما! — دەپتۇ.

— مەن ياخشى بالىمۇ، ئانا؟

— ئەلۋەتتە، سەن ناھايىتى ياخشى بالا.

— ئۇنداقتا ۋىكتور مەن بىلەن ئوينىسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 216. سۈت دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى

خوجايىن: بۈگۈن سۈتكە سۇ قوشتۇڭمۇ؟
شاگىرت: قوشتۇم، ئەپەندىم.
خوجايىن: بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟
شاگىرت: ئوغۇ شۇنداق، ئەپەندىم. بىراق ئۆزىڭىز...
خوجايىن: مەن ساڭا ئاۋۋال چېلەككە سۇ قۇي، ئاندىن ئۈستىگە سۈت قوش، دېمىدىممۇ. مۇشۇنداق قىلساق، بىز ھېچقانداق خىجىل بولمايلا، سۈتكە سۇ قوشمىدۇق، دېيەلەيمىز ـ دە.

## 217. ئېزىپ قالغان بالا

بىر كىچىك ئوغۇل بالا يولدىن ئېزىپ قاپتۇ.

— سەن قايسى كوچىدا تۇرۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ساقچى ئۇنىڭدىن.

— مەن كوچىدا ئەمەس، ئۆيۈمدە تۇرۇمەن.

## 218. بالدۇرراق بىلگەن بولسام

— پىتكا، ئەمدى مەكتەپكە كىردىڭ ئەمەسمۇ، قېنى دەپ باققىنا، ئىككى كەررە ئىككى نەچچە بولىدۇ؟

— تۆت.

— يارايسەن، ئاله ماۋۇ توت تال كەمپۈتنى!
— ئاپلا! مۇنداقلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام ئۈن ئالته بولىدۇ دەۋالىدىكەنمەن!

## 219. ۋەدە بەرگەندىن كېيىن

دادىسى: ئىمتىھاندىن ئۆتسەڭ ساڭا بىر پىكاپ ئېلىپ بېرىشكە ماقول بولغانىدىم. بىراق سەن لامزەللىلىك قىلىپ، ئىمتىھاندىن يەنە ئۆتەلمەپسەن. ئېيتقىنا، بۇ مەۋسۇمدە نېمە ئىش قىلدىڭ؟

ئوغلى: پىكاپ ھەيدەشنى مەشق قىلدىم!

## 220. كۆچۈرمىكەش كىم

سىنىپتا يازما ئىمتىھان ئېلىنىۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىدىن:
— سەن لوبىرتنىڭكىنى كۆچۈرۈۋاتامسەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ياق، مۇئەللىم، — دەپتۇ جون، — ئۇ مېنىڭكىنى كۆچۈردى، مەن توغرا كۆچۈرەلمىگەنمىكىن دەپ تەكشۈرۈپ بېقىۋاتىمەن!

## 221. ياخشى نىيەتلىك بالا

— ئانا، بۈگۈن مېھمان كەلگەندە مەن بىر ياخشى ئىش قىلدىم.

— نېمە ياخشى ئىش؟
— ئاكام بىر تال قالپاقلىق مىخنى مېھمان ئۆلتۈرىدىغان ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ...
— سەن قانداق قىلدىڭ؟
— مەن بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپ، مېھمان ئولتۇرۇشقىلا ئورۇندۇقنى شاققىدە تارتىۋەتتىم.

## 222. شورىدىن باغقا كىرگەن بالا

باغۋەن بىر بالىنىڭ شورىدىن باغقا كىرىپ، ئالما دەرىخىگە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۇچقاندەك ئالما دەرىخى تۈۋىگە بېرىپتۇ.
—ھەي بەڭباش، دەرەخ ئۈستىدە نېمە ئىش قىلىسەن؟
— قارىماسىز، ئەپەندىم، بىر تال ئالما چۈشۈپ كېتىپتىكەن، مەن ئۇنى قايتىدىن شاخقا ئېسىپ قوياي دەۋاتىمەن!
—دەپتۇ ئوغۇل بالا قولىدىكى ئالمىنى باغۋەنگە كۆرسىتىپ.

## 223. تاماكا چەكمىگەن بولسا

بىر ئايال ئوغلىنىڭ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئاچچىغلاپ:
— ئەگەر تاماكا چېكىدىغان بولساڭ مەڭگۇ چوڭ بولالمايسەن! — دەپتۇ.
— بوۋامىمۇ تاماكا چېكىدۇ، ئۇ بۇ يىل 70 ياشقا كىردىغۇ.
— ناۋادا ئۇ تاماكا چەكمىگەن بولسا، ئېھتىمال 80 ياشقا

كىرگەن بولاتتى!

## 224. خىمىيە ئالىمى ۋە ئۇنىڭ ئوقوغۇچىلىرى

بىر قېتىم خىمىيە ئالىمى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوكسىگېننىڭ بايقىلىش جەريانىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ئىنسانلار 18-ئەسىرگە كەلگەندىلا، ئاندىن ئوكسىگېننى بايقىدى، — دەپتۇ.

— قىزىق گەپقۇ بۇ، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى، — ئىلگىرى ئادەملەر قانداق نەپەس ئالغان بولغىيدى؟

## 225. ئىشەنگىلى بولمايدىغان يېڭى ئوقۇتقۇچى

كوسىگا مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتقاندا، ئۆيىدىكى ھەممەيلەن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەۋاتقانىكەن. ئۇ دالانغا پەلتۇسىنى سېلىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، شىرە يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

— يېڭى مۇئەللىمىڭلار قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى.

— ئۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، دادا، — دەپتۇ كوسىگا، — بىراق مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. ئۇ دەسلەپتە ئۈچكە ئۈچنى قوشسا ئالتە بولىدۇ، دېدى، بىر دەمدىن كېيىن يەنە ئىككىگە توتنى قوشسا ئالتە بولىدۇ، دەۋاتىدۇ.

## 226. چىشىم دوختۇردا قالدى

پىتكا دوختۇرغا چىشىنى كۆرسىتىپ قايتىپ كەلگەندە، مومىسى:

— قانداق، بالام، چىشىڭ ھازىرمۇ ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەمدى بۇنى مەن نەدىن بىلەي؟ چىشىم دوختۇردا قالدى!

## 227. ئۇ يېقىن يولنى بىلىدۇ

— ئاكام مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىدا بىر مىنۇتتا ئىككى مىڭ مېترغا يۈگۈرۈپتۇ.

— پو ئاتما! بۇنداقتا بۇ دۇنيا رېكورتىدىنمۇ تېز بولۇپ كەتمەمدۇ.

— چۈنكى ئۇ بىر يېقىن يولنى بىلىدىكەن.

## 228. بۇ راستمۇ-يالغان

بىر ئوغۇل بالا بىر قاغىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

— ئۇنى تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىرە يېنىدا ئولتۇرغان ئانىسى.

— ئالىملار، قاغا 300 يىل ياشايدۇ، دېگەن ئىكەن، بۇ راستمۇ-يالغان، ئۆزۈم بىر سىناپ باقاي دەۋاتىمەن.

— قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ، 300 يىل ياشىماقچىمۇ سەن؟

— ئۇنداقتا شۇنداق دېگەن ئالىم 300 يىل ياشاپتىكەنمۇ؟

www.uyghurkitap.com

## 229 . شىددەتلىك جەڭ

ئوقۇتقۇچى: شىددەتلىك جەڭ توغرىسىدا بىرقانچە مىسالغا سۆزلەپ باققىنا.

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، ئانام ئۆيدىكى ئىشلارنى باشقىلارغا دېمە دېگەن.

## 230 . نەچچە بارمىقى باردۇ دەپ

ساراي چۆرىسىدىكى ياغاچ قاشا يېنىدا ياغاچ چىدىسىڭ ئوغلى يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ساراي خوجايىنى ئۇنىڭ يېنىدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— نېمە ئىش بولدى؟ بارماقلىرىڭ قاناپ كېتىپتىغۇ؟

— ۋاي تاغا، ئىتىنىڭ قانچە چىشى باردۇ دەپ ساناپ باققۇم كېلىپ، قولۇمنى ئىتنىڭ ئاغزىغا تىقىشىمغىلا. . .

— ئەستاغپۇرۇللا!

— كىم بىلسۇن، بۇ ئەسكى ئىتنىڭمۇ مېنىڭ بارماقلىرىمنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ساناپ باققىسى كېلىپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ!

## 231 . ئەر-ئايال دەپ ئايرىماسلىق

شىشەن ئەپەندى بىر يانچۇقچىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئاياللارنىڭ پۇل قاپچۇقىنى ئوغرىلىغىنىڭ نېمىسى؟

— دەپتۇ.

— ماڭا ئۇۋال قىلماڭ، مەن يالغۇز ئاياللارنىڭكىنىلا ئەمەس، ئەرلەرنىڭكىنىمۇ ئوغرىلايمەن، — دەپتۇ يانچۇقچى ئۇۋال بولغان

قىياپەتتە.

## 232. بىر قەدەر توغرا

بىر بالا بىر يېڭى كىتابنى قولتۇقىدا قىستۇرغان ھالدا مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

— ئانا، بۇ كىتاب ماڭا بېرىلگەن مۇكاپات! — دەپتۇ ئۇ.

— مۇئەللىمىڭ نېمە ئۈچۈن سېنى مۇكاپاتلىدى، قوزام؟

— مۇئەللىم تەبىئەت دەرسى ئۆتكەندە، تۆگە قوشنىڭ قانچە پۇتى بار؟ دەپ سورىغانىدى، مەن ئۈچ پۇتى بار دەپ جاۋاب بەردىم.

— ھە؟ تۆگەقۇشى دېگەننىڭ ئىككى پۇتى بولمامدۇ!

— شۇنداقكەن، بۇنى ئەمدى بىلدىم، ئانا، لېكىن باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى تۆت پۇتى بار دېگەنىدى، شۇڭا مېنىڭ جاۋابىم ئەمەلىيەتكە بىرئاز يېقىنلىشىپتۇ.

## 233. تەنبىھ بېرىش

— ماشىر! تازىمۇ بىر بىغەرەز بالا بولدۇڭغۇ سەن، مەن سەن ئۈچۈن نومۇس قىلىپ كېتىۋاتىمەن! ناپالېئونغا قارىغىنا، ئۇ سەنچىلىك چېغىدىلا بىر روتا ئەسكەرنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقان!

— ئۇنداقتا، ئانا، ناپالېئون سىزدەك بولغاندا نېمە ئەمەل تۇتقان بولغىدى!

— ھە، ئۇ پادىشاھ بولغان.

## 234. تاغ تىزمىسى

بىر ئوغۇل بالا ئىمتىھان بېرىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن دادىسىنى كۆرۈپلا:

— دادا، ئالپىس تاغ تىزمىلىرى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى سەن رەتلەيسەن، ئاناڭدىن سورا، — دەپتۇ دادىسى خۇش ياقمىغان ھالدا جاۋاب بېرىپ، — ئاناڭ ئۇنى كەلسە-كەلمەس يەرگە تاشلاپ قويغان بولسا كېرەك!

## 235. ئۆزىنى بىلىش

ئانىسى: بالام، نېمىشقا مەكتەپكە بېرىشنى خالىمايسەن؟

بالىسى: ئانا، مەن يا كىتاب ئوقۇشنى، يا خەت يېزىشنى بىلمىسەم، مەكتەپكە بېرىپ نېمە قىلىمەن؟

## 236. گەپ ئاڭلايدىغان بالا

لىۋانلىق بىر ئادەم يەكشەنبە كۈنى بەش بالىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ:

— ئانىسىنىڭ گېپىنى ھەممىدىن بەك ئاڭلايدىغان ئەڭ ئەقىللىق بالا مۇشۇ ھەپتىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بەش بالا بىر ئېغىزدىن:

— ئۇنداقتا بۇ مۇكاپاتقا ئۆزىڭىز ئېرىشىدىكەنسىز، دادا! — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 237. تاقىرباش ۋە قۇملۇق

— قۇملۇق بىپايان بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە ھېچنېمە ئۈسمەيدۇ، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى.

— ئەمدى مەن چۈشەندىم، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى، — دادامنىڭ تاقىر بېشى ئاشۇنداق قۇملۇق ئىكەن-دە.

## 238. دادا، ئەمدى سەن ئىسقىرتقىن

نىك دادىسى بىلەن بىللە چوڭ ئانىسىنى يوقلاشقا مېڭىپتۇ. ئۇ پويىزدا ھە دېسىلا بېشىنى دېرىزىدىن سىرتقا چىقىرىۋاپتۇ.

— جىم ئولتۇر، نىك! بېشىڭنى دېرىزىدىن سىرتقا چىقارما! — دەپتۇ دادىسى.

لېكىن نىك يەنىلا بېشىنى دېرىزىدىن سىرتقا چىقىرىۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دادىسى نىكنىڭ شەپكىسىنى شاققىدە قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئارقىسىغا يوشۇرۇۋاپتۇ-دە:

— قارىغىنا، شەپكەڭنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى، — دەپتۇ.

نىك قورقۇپ كېتىپتۇ ھەم شەپكىسىنى تېپىۋالغۇسى كېلىپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— ھەي بالام، ئىسقىرتىپ باققىنا قېنى، — دەپتۇ دادىسى، — شەپكەڭ قايتىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

نىك پويىزنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ ئىسقىرتىپتۇ. دادىسى شۇ ھامان شەپكىنى ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ.

— ۋاھ، قالتىس مۆجىزە ئىكەنغۇ بۇ! — دەپتۇ نىك كۈلۈپ. ئۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، دادىسىنىڭ شلەپىسىنى شارتتىدە

ئېلىپ دىرىزىنىڭ سىرتىغا چۆرۈپ تاشلاپتۇ.
— نۆۋەت ساڭا كەلدى، ئەمدى سەن ئىسقىرتقىن، دادا! —
دەپتۇ ئۇ قىن-قىنىغا پاتمىغان هالدا.

## 239. كېچىكىپ قېلىش

ئوقۇتقۇچى: پېتېر، نېمىشقا هەركۈنى ئەتىگەندە دەرسكە كېچىكىپ كېلىسەن؟

پېتېر: چۈنكى هەركۈنى مەكتەپ ئالدىدىكى ئەگىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە: «ئالدىڭىزدا مەكتەپ بار، ئاستا مېڭىڭ!» دې-گەن سۆزلەر يېزىلغان بىر تاختىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالىدۇ.

## 240. جېكنىڭ قولى

بىر كۈنى دەرستە خارىس ئەپەندى جېكنىڭ قولى ناهايىتى پاسكىنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ.
— قولۇڭنى چىقار، جېك! — دەپتۇ خارىس ئەپەندى.
جېك ئەيمەنگەن هالدا ئوڭ قولىنى چىقىرىپتۇ.
خارىس ئەپەندى ئۇنىڭ قولىغا قاراپ:
— ئەگەر سىنىپتىن بۇ قولۇڭدىنمۇ پاسكىنا بىر قولنى تاپالىساڭ، ئولتۇرۇشىڭغا رۇخسەت قىلىمەن، — دەپتۇ.
جېك ئالدىراپ-تېنەپ ئۆزىنىڭ سول قولىنى چىقىرىپ، كۆرەڭلىگەن هالدا:
— مانا بۇ قول تېخىمۇ پاسكىنا ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 241. كولۇمبۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ

تارىخ دەرسىدە ئوقۇتقۇچى:

- دەپ باققىنا، كولۇمبۇ يېڭى چوڭ قورۇقلۇقنى قانداق تاپقان؟ — دەپ سوراپتۇ ۋىتكادىن.

— مۇئەللىم، بۇنى كولۇمبۇنىڭ ئۆزىدىن سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە تېخىمۇ تەپسىلىي ئېيتىپ بەرمەمدۇ؟ — دەپتۇ ۋىتكا جاۋابەن.

## 242. ھەقىقىي جاۋاب

— ئىشچان چۆمۈلىلەرنىڭ كۈن بويى جاپالىق ئىشلىگىنى ئىشلىگەن، كىچە-كۈندۈز دېمەي ئالدىرىغىنى ئالدىرىغان، ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى توم جىددىي قىياپەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

— كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىدۇ.

## 243. تۆۋەنلىمەيدىغان نەرسە

ئوقۇتقۇچى: جاۋاب بەرگىنە، ئىۋانوۋ، قانداق نەرسە ئۆرلىگەندىن كېيىن تۆۋەنلىمەيدۇ؟

ئوقۇغۇچى: مال باھاسى، مۇئەللىم!

## 244. نېمە ئۈچۈن راكېتا تېز ماڭىدۇ

ئوقۇتقۇچى: ئېيتقىنا، بېك، نېمە ئۈچۈن راكېتا ئاشۇنداق تېز ماڭىدۇ؟

بېك: كىمنىڭ ساغرىسىغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتسە جېنىنىڭ بېرىچە چاپمايدۇ دەيسىز!

## 245. ساقىلىڭىزنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى كۈتۈۋاتىمەن

بىر كۈنى بىر ئوغۇل بالا سەتىراچخانىغا كىرىپ ساقال ئالدۇرماقچى بوپتۇ. سەتىراچ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئىڭىكىگە سوپۇن سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قاپتۇ. ھېلىقى ئوغۇل بالا كۈتۈۋېرىپ، بىتاقەت بولۇپ:

— ھەي، مېنى مۇشۇنداقمۇ ئۇزۇن ساقلىغىلى سالامسىز؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ساقىلىڭىزنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى كۈتۈۋاتىمەن! — دەپتۇ سەتىراچ ئۇنىڭغا.

## 246. پادىشاھمۇ بويسۇنىدۇ

— مېنىڭ دادام دېگەن پاراخوت باشلىقى، پۈتۈن پاراخوتتىكىلەر ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ.

— مېنىڭ دادام دېگەن پادىشاھنىمۇ قوماندانلىق قىلالايدۇ. دادام پادىشاھنى ئولتۇرۇڭ دېسە، ئۇ ئولتۇرىدۇ، بېشىڭىزنى تو-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋەن قىلىك دېسەن، ياۋاشلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن قىلمىدۇ!

— راستمۇ؟ ئۇنداقتا دادىڭ. . .

- سەتىراچ.

## 247. خېرىدار جەلپ قىلىش

— ئۇنداقتا بۇ يېڭى كەلگەن رەخت ئىكەن-دە؟

— تېخى تۇنۇگۇن كەلگەن، زاۋۇتتىن ئۇدۇل ئېلىپ كەلگەن رەخت.

— رەڭگى ئۆچەمدۇ؟

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! بىر ئايدىن بېرى ئەينەكلىك پۇكەي ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆڭمىگىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟!

## 248. قوشۇپ ھېسابلاڭ

كۇتكۇچى: بىر خېرىدار تەخسىدە بىر چىۋىن بارئىكەن دەپ ئاغرىنىۋاتىدۇ.

خوجايىن: بەلەن بوپتۇ، ھېساب-كىتاب قىلغاندا، چىۋىنىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلاڭ.

## 249. پۇل كەتمەيدۇ

— مەن ھەمىشە يىراق دۆلەتلەرگە بېرىپ تاماشا قىلىشنى خىيال قىلىمەن. ياۋروپاغا بىر قېتىم ساياھەتكە بارسا قانچە پۇل كېتىدىغاندۇ؟

— پۇل كەتمەيدۇ.

— نېمىشقا پۇل كەتمەيدۇ؟

— خىيال ئۇچۇن پۇل خەجلەشنىڭ هاجىتى يوق-تە!

## 250. ئىشەنچلىك بەلگە

— مەن قارا مېكىيان تۇغقان تۇخۇمدىن بەشنى ئالىمەن! — دەپتۇ بىر ئادەم تۇخۇم ساتقۇچى ئايالغا قاراپ.

ئايال هەيران بولغان هالدا:

— ئەگەر پەرق ئېتەلىسىڭىز ئۆزىڭىز تاللىۋېلىڭ، — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم ئەڭ يوغان تۇخۇمدىن بەشنى تاللاپتۇ-دە، پۇلنى تۆلەپ كېتىپ قاپتۇ.

## 251. ئەخمەق ئادەم

بىر سودىگەر دوكىنىنىڭ ئىشىكىگە سۆزلىرى باغلاشمىغان بىر ۋىۋىسكا ئېسىپتۇ. بىر ئادەم:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— خېرىدارلار مال ساتقۇچى ئوڭاي كولدۇرلاتقىلى بولىدىغان ئەخمەق ئادەم ئوخشايدۇ دەپ قالسۇن دېۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 252. ئالدىن دەپ قويۇش

خېرىدار بىر ئاشپۇزۇلدا غىزالانغاندىن كېيىن، ئاچچىغلانغان هالدا خوجايىنغا:

— هاراقتا سۇ قوشۇۋېتىپسىلەرغۇ! — دەپتۇ.

— نېمىگە كاركىرايسىز؟ سىزنى سۇ پۇلىنى تۆلەڭ دەپ قىستىغىنىم يوققۇ!

## 253. ھېلىقى دەۋردىن ئاشقان ھەسەل

بىر ئادەم قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بوپتۇ. ساھىبخان ئۇنى ھەسەل بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. لېكىن ھەسەل ھەم سۇيۇق ھەم بەتتام ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مېھمان چىداپ تۇرالماي ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ھەسەل تېخى ھەسەل ھەرىلىرى ھەسەل ياساشنى ئۆگەنمىگەن ھېلىقى دەۋردىن ئېشىپ قالغان ھەسەل ئىكەن-دە!

## 254. ئۆلۈم ئالدىدىكى ھېسابات

ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان گابروۋبولۇق بىر ئادەم دوختۇرنىڭ نەسىھەتىگە ئاساسەن دەرھال يۇرتىغا قايتماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭغا ھەمسەپەر بولغانلار شۇنىڭغا دىققەت قىلىپتۇكى، ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسىمۇ، پويىز ھەربىر بېكەتكە كېلىپ توختىغاندا، پويىزدىن چۈشۈپ بېلەت سېتىۋاپتۇ.

— بېلەتنى بىۋاستە گابروۋوغىلا ئالسىڭىز بولماسمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ كىشىلەر ئۇنىڭدىن.

— ناۋادا مەن يېرىم يولدا ئۆلۈپ كەتسەمچۇ؟ — دەپتۇ بىمار جاۋابەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق ئامبىرى

## 255. سېخىيلىق بىلەن ۋەدە بېرىش

— دادا، چۈشۈمدە سىز ماڭا كىچىككىنە بىر پارچە شاكىلات ئېلىپ بېرىپسىز.

— ئەگەر گەپ ئاڭلىساڭ بارغۇ، چۈشۈڭدە جەزمەن ساڭا يوغان بىر پارچە شاكىلات ئېلىپ بېرىمەن!

## 256. ئامال تېپىش

— شۇنچە قاتتىق سوغۇقتا كوچىدا كىمنى ساقلاپ تۇرىسىز؟

— ھەي، بولدى، سورىمايلا قويۇڭ! بىر بوتۇلكا ئاق ھارىقىم يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى، ئۇ مۇز بولۇپ قاتقاندىن كېيىن ئېلىپ كېتەي دەپ ساقلاپ تۇرىمەن.

## 257. تاشنى باغلاپ قويۇش

بىر ئادەم ياقا يۇرتقا بارغانىكەن، بىر ئىت ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇ دەرھال ئېگىلىپ، يەردىن بىرتال تاش ئېلىپ ئىتنى ئۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ تاشنى قولىغا ئالالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىدا پايلىماي ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— قانداق نىجىس جاي بۇ، ئىتنى قويۇۋېتىپ، تاشنى باغلاپ قويىدىغان!

## 258. ئىسسىق ئىچەي

بىر هاراقكەش شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە قاۋاقخانا خوجايىنى ئۇنى هاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ: "هاراقنى ئىسسىق ئىچەمسىز-سوغۇقمۇ؟" دەپ سوراۋاتقىدەك. ئۇ: "ئىسسىق ئىچەي" دەۋاتقىدەك. ئىسسىق هاراق تېخى ئالدىغا كەلتۈرۈلمەستىلا، خوتۇنى ئۇنى تۈرتۈپ ئويغىتىپ، ئىشقا ھەيدەپتۇ.

— بۇرۇنراق مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، سوغۇقلا ئىچىۋالار ئىكەنمەن! — دەپتۇ ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا.

## 259. ئوخشاش بولسۇن

ئىككى قەدىناس دوست بار ئىكەن، ئۇلار دوستلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر بىرىدىن زادىلا ئايرىلمايدىكەن، ئوخشاش يەيدىكەن، ئوخشاش كىيىنىدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپتۇ، كۈتكۈچى ئىككى تەخسە شورپا كەلتۈرۈپتۇ. بىر تەخسىگە چىۋىن چۈشۈپ قالغانىكەن، ئاردىن بىرسى نېمە قىلىشىنى بىلمەلەي قېينىلىپ تۇرسا، يەنە بىرسى كۈتكۈچىگە قاراپ:

— بۇ ئىككى تەخسە شورپىنىڭ ئوخشاش بولمىغىنى نېمىسى؟ بىزگە ئوپمۇئوخشاش شورپا كەلتۈرۈڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

## 260. ئاسما چىراغ

بىر ئادەم ساراڭلار دوختۇرخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىسى

قىلغاندا، بىر ساراڭنىڭ لىمىغا ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قاپتۇ-دە، يەنە بىر ساراڭدىن:

— بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ ئۆزىنى ئاسما چىراغ دەپ ئويلاپ قالغان گەپ.

— ئۇنداقتا سىز نېمىشقا ئۇنى پەسكە چۈش دېمەيسىز؟

— ئۇنداق قىلسام قاندالق بولىدۇ، ئۇ پەسكە چۈشۈۋالسا، مەن قاندالق كىتاب كۆرىمەن؟

## 261. توخۇدىن سوراش

بىر ئوغرى توخۇ كاتىكىگە ئەمدىلا كىرىشىگە، ئۆي ئىگىسى ئويغىنىپ كېتىپتۇ-دە:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن توخۇدىن، توخۇمىنىڭ بىرى نەچچە پۇل؟ دەپ سوراپ باقاي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئوغرى.

## 262. ھاياجانلىنىپ كېتىش

بىر بوۋاي پايتەختتە ئىشلەيدىغان ئوغلىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن، پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ.

پويىز بىكەتكە كىرىشكە ئاز قالغاندا، بوۋاي ھاياجانلىنىپ كېتىپ، بىر ئادەمنىڭ بېقىنىغا چاڭ ئېسىلىپ:

— بۇ، پايتەخت بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، بۇ پايتەخت ئەمەس، مېنىڭ قوۋۇرغام!

## 263 . تۆغقىنى ئەمەس

ئاي بىر سودىگەر ئۆلۈپ كەتكەندىكەن، بىرمۇنچە كىشى مېيىت بېشىدا يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى قاتتىق يىغلاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قاپتۇ، يولدىن ئۆتكەنلەر بۇنى كۆرۈپ بەكمۇ تەسىرلىنىپ، ئاستا تەسەھەت قىپتۇ:

— بولدى، سەۋر قىلىڭ، ئۇ سىلەرگە نۇرغۇن مال-بىسات قالدۇرۇپ كەتتى، كۈنۈڭلەرنى راھەت-پاراغەتتە ئۆتكۈزەلەيسىلەر. سىز ئۇنىڭ نېمە تۇغقىنى بولىسىز؟

— ھەي ئىسىت، مەن ئۇنىڭ تۇغقىنى بولۇپ قالمىغىنىدىم ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن-دە! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

## 264 . داۋالاش قىيىن

ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەم ئىگىرىغان پېتى دوختۇرخانىغا كەپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن سوراپتۇ:

— تاماكىنى تاشلىيالامسىز؟

— تاماكىنى نەچچە يۈز قېتىم تاشلاپ باققانمەن.

— ھاراقنى تاشلىيالامسىز؟

— ھاراق ئىچمىسەم بىر كۈنمۇ ياشىيالمايمەن،

ئۇنداقتا كېسىلىڭىزنى داۋالاپ ساقايتماق ناھايىتى قىيىن!

— بىراق مەن بۇنداق بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشنى خالىماي-مەن.

— ؟. . .

— ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، تاماكىمۇ چېكەلمەي، ھاراقمۇ ئىچەلمەي قالىمەن.

## 265. ئوچۇق-يورۇقلۇق ۋە سەممىيلىك

بىر يىگىت بىلەن بىر قىز كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، توي قىلىشقا كېلىشىپتۇ.

يىگىت ھاياجانلانغان ھالدا قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئېغىز ئېچىپتۇ:

— سىز ھەقىقەتەن بەك ئوبدان قىز ئىكەنسىز، مەن ئاغىنەم سامىرادەك چىرايلىق، دۆلەتمەن ۋە پۇلدار بولمىسامۇ، لېكىن سىز مېنى مۇشۇنداق قىزغىن سۆيۈۋاتىسىز، مەن بۇنىڭدىن قانداقمۇ تەسىرلەنمەي تۇرالاي؟ مەن سىزنى چوقۇم ئۆمۈرۋايەت سۆيىمەن!

قىز ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلانغىنىدىن قاش-قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ، يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، دەپتۇ:

— سىزنىڭ سەممىيلىكىڭىز ۋە ئوچۇق-يورۇقلۇقىڭىزغا ئىنتايىن قايىلمەن. لېكىن ھازىر مېنىڭ سىزگە بىرلا تەلىپىم بار: سامىرانىڭ ئادرېسىنى تېزرەك ئېيتىپ بەرسىڭىز!

## 266. ئۇمۇ كەلسۇن

بىخىل بىر ئادەم دوستى بىلەن ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەنىكەن، بىر كۈنى ئۇلار كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. دوستى ئۇنى

ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ.
ئەتىسى بىخىل ئادەم دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ قاپتۇ. شۇ قونغانچە قونۇۋېرىپتۇ، كېتىدىغانىنىڭ قىلچە شەپىسىمۇ يوقمىش.
دوستى نائىلاج ئۇنىڭ سەمىگە ساپتۇ:
— ئۆيىڭىزدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، خوتۇنىڭىز سىزنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىمىكىن دەيمەن...
بىخىل ئادەم شۇ هامان ئۇنىڭ سۆزىگە لوقما ساپتۇ:
— خوتۇنۇمغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار. مەن، مەن دەرهال ئۇنىڭغا تېلېگرامما بېرىۋېتەي، ئۇمۇ بۇ يەرگە كېلىپ قونسۇن.

## 267. ئەرەبچە كۇلۇۋاتىدۇ

ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى دەرس ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا:
— مېنىڭ دەرسىمدە هېچكىمنىڭ ئەرەبچە سۆزلىشىگە روخسەت قىلىنمايدۇ، — دەپتۇ.
ئوقۇغۇچىلار راستتىنلا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىپ، زادىلا ئەرەبچە سۆزلىمەپتۇ.
دەرستىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا، بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بالا قولىنى كۆتۈرۈپ، دەپتۇ:
— مۇئەللىم، ئۇ ئەرەبچە كۇلۇۋاتىدۇ.

## 268. ئۈيالمامسەن

بىر كىچىك بالا ھەمرىيىغا:

— داداڭ موزدۇز بولسىمۇ، سىڭلىڭ تۇغۇلغاندا پۇتىدا كەش-مۇ يوقمىشقۇ، — دەپتۇ.

— سىنىڭ داداڭ چىش دوختۇرىغۇ، — دەپتۇ يەنە بىر بالا، — لېكىن ئۇكاڭ تۇغۇلغاندا بىر تال چىشىمۇ يوق تۇغۇلۇپتۇ، سەن بۇنىڭدىن ئۈيالمامسەن؟

## 269. ھەممىسى تاتلىق ئىكەن

دادىسى: ئىراق خورمىسىدىن ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟

ئوغلى: ئېلىپ كەلدىم.

دادىسى: قانداق، تاتلىقمىكەن؟

ئوغلى: بەكمۇ تاتلىقكەن، تېتىپ باقسام ھەممىسى تاتلىق چىقتى.

## 270. دۈئىلغا چۈشۈش

بىر خېرىدار ئالدىراپ-تېنەپ سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنىغا كىرىپتۇ-دە، ھاسىرىغان ھالدا دۇكاندارغا قاراپ:

— بىر ستاكان ئىچىملىك بېرىڭ، ئۇنى ئىچىپ بولۇپلا بىرسى بىلەن دۈئىلغا چۈشىمەن! — دەپتۇ.

دۇكاندار ئۇنىڭغا بىر ستاكان گاز سۇ بېرىپتۇ. ئۇ گازسۇنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋېتىپ، يەنە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— يەنە بىر ستاكان ئىچىملىك كەلتۈرۈڭا، دۈئىل ھازىرلا

باشلىنىدۇ.

دۇكاندار ئاچچىغلانغان ھالدا:

— سىز زادى كىم بىلەن دۇئىلغا چۈشمەكچى؟ — دەپ سوراپتۇ.

يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق، — دەپتۇ خېرىدار، — ئەلۋەتتە سىز بىلەن دۇئىلغا چۈشمەن-دە!

## 271. پىكاپ ئوغرىلاش

بىر ئوغرى بىر پىكاپنى ئوغرىلىۋاپتۇ.

— پىكاپنى نېمىشقا ئوغرىلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئادۋوكات.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ ئوغرى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا، — قارىسام بۇ پىكاپ قەبرىستانلىقتا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

## 272. ئات دېگەن نېمە ئۇ

ئۈچ جىنايەتچى قولاقلىرىغىچە قىزىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ بالدۇر تۈرمىگە كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپتۇ.

— مەن تۈرمىگە كىرگەندە پويىز تېخى كەشىپ قىلىنمىغان! — دەپتۇ بىرىنچى جىنايەتچى.

— مەن كىرگەندە، كىشىلەر سەيلى-ساياھەتكە بارسا ئات مىنەتتى، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ئات دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپتۇ ئۈچىنچى جىنايەتچى.

## 273. پەرق

— پىل بىلەن چىۋىننىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن.

— پىلنىڭ خارتومى بار، چىۋىننىڭ يوق، — دەپتۇ بىرىنچى ئوقۇغۇچى.

— پىلنىڭ قانىتى يوق، — دەپتۇ ئىككىنچى ئوقۇغۇچى.

— ئەڭ مۇھىم پەرق شۇكى، — دەپتۇ ئۈچىنچى ئوقۇغۇچى، — چىۋىن پىلنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالالايدۇ، لېكىن پىل چىۋىننىڭ ئۈستىگە قونۇۋالالمايدۇ.

## 274. تۇخۇم

ھازىرقى زامان رەسىملىرى كۆرگەزمىسىدە بىر ئادەم بىر پارچە رەسىم ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن سەپسالغاچ، رەسسامغا دەپتۇ:

— بۇ رەسىمنى ئەجەپمۇ قاملاشتۇرۇپ سىزىپسىز، بۇنى كۆرۈپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى.

— قوياش پېتىۋاتقان مەنزىرىنى كۆرۈپ ئاغزىڭىزغا سېرىق سۇ كەلگىنى نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ رەسسام ھەيران بولغان ھالدا.

— مەن تېخى سىزنى پىششىق تۇخۇم سىزغانمىكىن دەپتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ رەسىم كۆرۈۋاتقان ئادەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 275 . تەلەپ قويۇش

يىگىت: خېنىم، سىز گۈلدەك چىرايلىق ئىكەنسىز.
قىز: رەھمەت.
يىگىت: خېنىم، سىز ئايدەك نازاكەتلىك ئىكەنسىز.
قىز: رەھمەت!
يىگىت: خېنىم، سىز زەمزەم سۈيىدەك پاك ئىكەنسىز.
قىز: رەھمەت!
يىگىت: خېنىم، ماڭا تېگىشنى خالامسىزكىن؟
قىز: ئېرىمگە ئوخشاش ئۇششاق سۆز بىر ئادەمكەنسىزغۇسىز!

## 276 . سەۋرچانلىق

بىر ئەر كىشى ئىشكنى چەككەنىكەن، سېرىق چاچلىق گۈزەل بىر ئايال ئىشكنى ئېچىپتۇ.

— ئېرىڭىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، دېسەم بولارمۇ؟

— دەپتۇ ھېلىقى ئەر كىشى.

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ئايال كۈلۈپ، — ئېرىدىم كوماندۇرۇپكىغا چىقىپ كەتكەن، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

— ھېچقەسى يوق، — دەپتۇ ھېلىقى ئەر كىشى، — مەن ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراي.

## 277 . ئىتنى ئۇرۇش

بىر ئىت دېھقانغا ئېتىلىپ كەلگەنىكەن، دېھقان غالجىرلاشقان

ئىتنى تىلاجىسىز ئازرا تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئىتنىڭ ئىگىسى دېھقان ئۇنىڭدىن ئەرز قىپتۇ.

— ناۋادا سىز، — دەپتۇ سودىيە، — ئارىسىنىڭ ئۇچىنى ئىشقا سالماي، ئىتنى ئارا سېپى بىلەن ئۇرغان بولسىڭىز، بۇنداق پېشكەللىككە قالمايتتىڭىز غۇ؟

— راست شۇنداق، — دەپتۇ دېھقان، — ناۋادا ھېلىقى ئىت ماڭا ئارقىسىچە ئېتىلىپ كەلگەن بولسا شۇنداق قىلغان بولاتتىم، سودىيە ئەپەندىم!

## 278. زېرەكلىك

كەچ سائەت ئون ئەپچۆردىسىدە مەست بولۇپ قالغان توم مەيداندا ئۆمىلەپ يۈرۈپ بىرنېمە ئىزدەشكە باشلاپتۇ، بىرمۇنچە كىشى قىزىقسىنىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا چارلىغۇچى ساقچى يېتىپ كەپتۇ.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— پۇل قاپچۇقۇمنى ئىزدەۋاتىمەن.

— پۇل قاپچۇقىڭىزنى يىتتۈرۈپ قويدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئورمانلىقتا يىتتۈرۈپ قويدۇم.

— ئۇنداقتا بۇ يەردىن ئىزدەپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟

— ئەلۋەتتە مۇشۇ يەردىن ئىزدەيمەن-دە!

— نېمىشقا؟

— چۈنكى بۇ يەر يورۇق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 279 . ئۆلچەملىك جاۋاب

ئوقۇتقۇچى خەرىتىدىكى پارىژ شەھىرىنىڭ ئورنىنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ:

— بۇ نېمە؟

سەككىز ياشلىق جوننى شۇ ھامان جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىر بارماق.

## 280 . ئوغرىنىڭ ياخشى ئىشى

— ئويلاپ باققىنا، — دەپتۇ سودىيە بىر ئادەتلەنگەن ئوغرىغا قاراپ، — مۇشۇ ئۆمرۈڭدە ئەسكى ئىشتىن باشقا بىرەر ياخشى ئىشمۇ قىلىپ باققانمۇ سەن؟

— قىلغان! مەن جاناپلىرىنى ۋە ساقچىلارنى ئىشسىز قېلىشتىن ساقلاپ كېلىۋاتىمەن!

## 281 . كىم ئەڭ ھورۇن

دادىسى: توم، سىلەرنىڭ سىنىپىڭلاردا كىم ئەڭ ھورۇن؟

توم: بىلمەيمەن، دادا.

دادىسى: مېنىڭچە سەن بىلىسەن. ئويلاپ باققىنا، ھەممە ئوقۇغۇچى تىرىشىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقاندا، كىم ئۆگىنىش قىلماي، ئۇ يان-بۇ يانغا قاراپ بىكار ئولتۇرىدۇ؟

توم: مۇئەللىم.

## 282. بىر ئېغىز سۆز

— مىنىستىر مەن بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتى.

— بەك قالتىس ئىش بوپتۇ، ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟

— ئۇ پەقەت: ”ئاپلا، تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قويۇپتىمەن!“ دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلدى.

## 283. قىزىڭىزنى بەكرەك ئالغۇم بار

— مەن قىزىڭىزنى ئۆز ئەمرىمگە ئالسام دەيمەن، — دەپتۇ بىر يىگىت.

— سىز خوتۇنۇم بىلەن سۆزلىشىپ كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ قىزنىڭ دادىسى.

— سۆزلەشتىم، لېكىن مېنىڭ قىزىڭىزنى بەكرەك ئالغۇم بار.

## 284. توي قىلىش

بىر كىچىك ئوغۇل بالا ئۆزى بىلەن بىللە ئويناۋاتقان كىچىك قىز بالىدىن سوراپتۇ:

— سەن چوڭ بولغاندا مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟

— ئاپلا، بولمايدۇ، — دەپتۇ قىز بالا، — مەن ساڭا بەك ئامراق، لېكىن سەن بىلەن توي قىلالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى بىزنىڭ ئۆيدە ئۆيىمىزدىكىلەرلا بىر بىرى بىلەن توي قىلىدۇ. مەسىلەن، دادام ئانامنى ئاپتىكەن، مومام بوۋامغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىگىپتىكەن، تاغام يەڭگەم بىلەن توي قىلىپتىكەن، ھەممەيلەن شۇنداق.

## 285. ئىشچىنىڭ جاۋابى

— ئاڭلىشىمچە، — دەپتۇ زاۋۇت خوجايىنى ئىشتىن بوشىتىلغان ئىشچىغا قاراپ، — مەن ئۆلگەندىن كېيىن قەبرەمگە تۈكۈرمەكچى بوپسەن-ھە؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم، چۈنكى مېنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرغىدەك سەۋر-تاقىتىم يوق.

## 286. خوتۇنىنىڭ كۆزى

A: ئۆتكەن ھەپتە خوتۇنۇمنىڭ كۆزىگە قۇم كىرىپ كېتىپتۇدى، دوختۇر چاقىرىش ئۈچۈن ئۈچ كوي خەجلىدىم.

B: ھېچقانچە گەپ ئەمەسكەنغۇ ئۇ، ئۆتكەن ھەپتە خوتۇنۇمنىڭ كۆزىگە پەلتۇ كىرىپ قېلىپتۇدى، 300 كوي سەرپ قىلدىم.

## 287. ئۇرۇشنى توختىتىش چارىسى

— ئۇرۇشنى مەڭگۈ تۈگىتىپ، دۇنيانى تىنچلىققا ئىگە قىلىشنىڭ بىرەر چارىسى بارمۇ؟

— بار! ناۋادا قايسى تەرەپ يەڭسە، شۇ تەرەپ ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى تۆلەيدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلسا، ئىشىنىمەنكى، ھەرقانداق ئۇرۇش يۈز بەرمەيدۇ.

## 288. سەۋەنلىك كىمدە

ئوقۇتقۇچى: توم، تاپشۇرۇقىڭغا قارىغىنا، قانداق ئىشلىگىنىڭ بۇ؟ سەندەك بالىنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بەكمۇ دۆت نېمىكەنسەن، شۇنچە كۆپ خاتالىقنى يول قويغان بارمۇ؟

توم: مۇئەللىم، تاپشۇرۇقنى دادام ئىشلىشىپ بەرگەن.

## 289. ئەمەلىيەتكە گەپ قىلىڭ

خېرىدار: ھەي، بۇ قېتىملىق قوتۇرمىنىڭ نېمىشقا قىيمىسى يوق؟

كۇتكۇچى: ئەمەلىيەتكە گەپ قىلىڭچۇ، قىيمىسى ئازراقمۇ بولسا باردۇ!

## 290. قانۇنى ئاساس

پېتكا باشقىلارنى چوشقا دەپ تىللىغانلىقتىن، سودتىن چاقىرتىلىپ، 70 روبلى جەرىمانە قويۇلۇپتۇ.

— بۇ ھۆكۈم ئادىل بولماي قالدى! — پېتكا ئۇۋال بولغان ھالدا ۋارقىرىۋېتىپتۇ، — ئۆتكەندە خەقنى چوشقا دەپ تىللىسام، پەقەت 30 روبلىلا جەرىمانە قويۇلغانىدى،

— چوشقا گۆشى باھاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟

— دەپتۇ سودىيە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

## 291 . ئۇستاتلىق

بىر خېرىدار توشقان تىرىسىدىن تىكىلگەن بىر جۇۋا سېتىۋالماقچى بوپتۇ.

— مەن بۇ جۇۋىنى قەۋەتلا ياقتۇرۇپ قالدىم. بۇ جۇۋا يامغۇردىن قورقامدۇ؟

— ئەلۋەتتە قورقمايدۇ. — دەپتۇ مال ساتقۇچى، — كۆنلۈك كۆتۈرۈۋالغان توشقاننى ئۇچرىتىپ باققانمۇسىز؟

## 292 . ئۆيدە يەنە تۇز بارمۇ؟

ئېرى شورپىنى تېتىپ بېقىپ، خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

— ئۆيدە يەنە تۇز بارمۇ؟

— بولمامدىغان، — دەپتۇ خوتۇنى، — مانا هازىرلا ئەپكېلىپ بېرەي.

— بولدى، سۆيۈملۈكۈم، مەن تېخى سىزنى ئۆيدىكى تۇزنىڭ ھەممىسىنى شورپىغا سېلىۋەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

## 293 . ماتېماتىكاشۇناسنىڭ مۇھەببەتلىشىشى

ماتېماتىكاشۇناس مەشۇقى بىلەن باغچىدا سەيلە قىلىۋاتقاندا، مەشۇقى ئۇنىڭدىن:

— يۇزۇمدە سەپكۈن كۆپىيىپ كەتتى، سىز راستىنلا باشقىچە ئويلاپ قالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەرگىز باشقىچە ئويلىمايمەن! — دەپتۇ ماتېماتىكاشۇناس

مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، — دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بۇيان ئەڭ ياقتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىم سان-سىفىرلار بىلەن ھەپىلىشىش.

## 294. ئۆمۈر چەكلىك

ۋوگزالدا بىر ئادەم سوراپتۇ:

— ئېيتىڭا، ئاخىرقى پويىز قاچان ۋارشاۋاغا قاراپ يولغا چىقىدۇ؟

— ئاخىرقى پويىز دەمسىزا؟ بۇ ئۆمرىڭىزدە ئۇنى كۆرۈش سىزگە نېسىپ بولماسمىكىن!

## 295. بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەر

A: مېنىڭ خوتۇنۇم دائىم بۇرۇنقى ئېرىنى تىلغا ئېلىپ، بەكمۇ ئاچچىغىمنى كەلتۈرىدۇ.

B: سىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسىز، مېنىڭ خوتۇنۇم ھەمىشە كەلگۈسىدىكى ئېرىنى تىلغا ئالىدۇ.

## 296. جايىدا بېرىلگەن جاۋاب

ئاندېرسىن بەكمۇ ئاددىي-ساددا بولۇپ، بىر قېتىم ئۇ يىرتىق شىلەپىنى كىيىپ كوچىغا چىقىپتۇ.

— بېشىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟— دەپتۇ بىر يولۇچى ئۇنى مازاق قىلىپ، — شۇنىمۇ شىلەپە دېگىلى بولامدۇ؟

— شىلەپىڭىزنىڭ ئاستىدىكى نېمە ئۇ؟—دەپتۇ ئاندېرسىن جاۋابەن،— شۇنىمۇ كاللا دېگىلى بولامدۇ؟

## 297. رەددىيە بېرىش

گېرمانىيىنىڭ داڭلىق شائىرى گېينىرىخ گېينى يەھۇدى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ يولسىز مەسخىرىسىگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە بىر ساياھەتچى ئۇنىڭغا قاراپ دەپتۇ:

— مەن بىر كىچىك ئارالنى بايقاپ قالدىم، بۇ ئارالدا يەھۇدى بىلەن ئېشەك يوق ئىكەن ئەمەسمۇ!

گېينىرىخ گېينى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، دەپتۇ:

— قارىغاندا ئىككىمىز ئۇ ئارالغا بارمىساق، بۇ نۇقساننى تولۇقلىغىلى بولمىغۇدەك!

## 298. يول سوراش

— ئېيتىڭا، بۇ يول قەيەرگە بارىدۇ؟

— كەچۈرۈڭ، بۇ يول مۇشۇ يەردىلا تۇرىدۇ، ھېچ يەرگە بارمايدۇ!

## 299. ئەقىللىق بالا

برانت ئەپەندى كىچىك ئوغلىدىن بەكمۇ ئېپتىخارلىنىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ بىر مېھمانغا كىچىك ئوغلىنىڭ بەكمۇ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بالام ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىردى، — دەپتۇ ئۇ مېھمانغا قاراپ، — شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەرقانداق ھايۋاناتنى تونۇيالايدۇ، چوڭ

بولغاندا جەزمەن قالتىس بىئولوگ بولىدۇ، كىلىڭ، ئۇنىڭ ھايۋانلارنى قانداق تونۇيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ.

ئۇ كىتاب ئىشكاپىدىن بىئولوگىيىگە ئائىت بىر كىتابنى ئېلىپ، بالىسىنىڭ تىزى ئۇستىگە قويۇپتۇ-دە، كىتابنى ۋاراقلاپ، بىر زىراپىنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ، سوراپتۇ:

— بۇ نېمە، قوزام؟

— ئات.

—بىرانت ئەپەندى يەنە يولۋاسنى كۆرسىتىپ، بالىسىدىن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— مۈشۈك.

ئۇ يەنە بىر شىرنى كورسىتىپ:

— بۇ نېمە؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— ئىت.

شۇنىڭ بىلەن بىرانت ئەپەندى بىر شىمپانزا[1]نى كۆرسىتىپتۇ.

— بۇ دادام! — دەپتۇ بالا خۇشاللىق بىلەن ۋارقىراپ.

## 300. ئەڭ يېقىن يول

— ئەپەندىم، ساقچى ئىدارىسىغا بارىدىغان ئەڭ يېقىن يولنى ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— بۇ بەكمۇ ئاددىي ئىش، سىز ئۇ تەرەپتىكى گۆش دۇكىنىغا كىرىپ، بىرقانچە پارچە كالا گۆشىنى پۇل تۆلىمەيلا ئېلىپ

---

[1] ئادەمسىمان قارا مايمۇن—تەرجىماندىن.



www.uyghurkitap.com

ماڭىدىغان بولسىڭىز، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا يې-
تىپ بارىسىز.

www.uyghurkitap.com

本书根据北京师范大学出版社 1993 年 5 月第 1 版北京第 1 次印刷版本选译出版。

بۇ كىتاب بېيجىڭ سىفەن داشۆ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993-يىل 5-ئايدا نەشر قىلىنغان 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

# چەت ئەل يۇمۇرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت ئىمىن
نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 100013)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەنبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1995-يىل 7-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1995-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 4,00 يۈەن

كۆلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، كۆلەي دېسىڭىز بۇكىتابنى كۆرۈڭ!



ھۆسن خەتلەرنى ياسىن مۇھەممەت يازغان

ISBN 7-105-02196-9

9 787105 021963 >

ISBN 7—105—02196—9/I.519

民 文（维 ）  定价：4.00 元